# «قىرىق سوئالغا بىر جاۋاپ»

بەزىلەر ماڭا سىياسەت ئۆگەتمەكچى بولۇشتى، ئەپسۇسكى، مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان كۈندىن باشلاپ ئاللاھ ماڭا سىياسەت ئۆگىتىپ بولغان ئىدى.

— سىدىقهاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ ـ1»دىن

ئىت سۆڭەك يەيدۇ، كۆتى بىلەن كېڭىشىپ.

— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

## دەسلەپكى ئويلىنىشلار

جاۋاپ يېزىش مەسىلىسىدە كۆپ ئىككىلەندىم. سىدىقهاجى روزىلار پەرەز قىلغان سەۋەپلەر بار ئىدى. دۈشمەنگە تاماشا بولاتتى. ئەگەر تەلەپپۇزى نورمال ئەخلاق ئۆلچەملىرىدە بولغان بولسىمۇ بىر گەپ. بۇنداق بىر مەسخىرىۋازلىقىقا قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟

ئىككىلىنىشىمنىڭ ياكى جاۋاپ يېزىشتا كېچىكىشىمنىڭ سەۋەپلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلماقچى بولدۇم. يازدىم. شۇنىلا ئېلان قىلىپ بولدى قىلايمىكىن دېدىم. كېيىن ئۇنىمۇ مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلدى. ئەگەر مىللەتنىڭ ساپاسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولسا، كۆپچىلىك چۈشىنەلەيدىغان بولسا، جاۋاپ يازمىسامىمۇ بولاتتى. ھېچ خىجىل بولمايلا كىتاپنىڭ «بىسمىللاسى»غىلا ئاشۇ سۆزلەرنى (يۇقۇرىدا مەن ئېپىگراپ قىلىپ ئالغان جۈملىلەرنى) يېزىپ قويالىغانلىقى، سىدىقهاجىنىڭ كىملىكىنى چۈشىنىشتە ئەينەك بولالايتى. شۇنداقلا ماڭا قارشى يازغانلىرىدىنمۇ بۇنداق كارامەت قۇرلارنى ئىزدەپ تاپالايتى. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارغۇ ئوبدان چۈشەنسە كېرەك، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشى ھەققىدە بىر مۇقىملاشقان باھاسى بارلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. ئەمما بەختكە قارشى يىراقتىكى ئۇيغۇرلار تېخىچە بۇ ئادەمنىڭ تەيپۈنۈمنىڭ ۋاختىدا ئاتىلىپ قالغان «ياغلىقاپاق» ئىسمى (كىلاسسىك ئىككى ماقالىسى) بىلەن بولغاچقا، خۇلاسىنى ئاسانلا چىقىرىدۇ: «ھە، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى، دېمەك ئۇنىڭ خاتا، بۇنىڭ توغرىكەن!» مانا بۇ ھال قورقۇنۇچلۇق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جاۋاپ يېزىشىم مەجبۇريي ھال ئالدى.

بۇ سەۋەپتىن دەسلەپتە «ئۇ ئادەم بىلەن تەڭ بولۇپ بىرنېمە يېزىپ ئۆزەڭنى چۈشۈرۈۋالمىغىن» دەپ نەسىھەتتە بولىۋاتقانلارمۇ، ھۇجۇمنىڭ چەكتىن ئېشىشى بىلەن پىكىرلىرى ئۆزگۈرۈپ، «كىچىككىنە تەگدۈرۈپ قويمامسەن» دەيدىغان بولۇشتى.

ئىككى مەسىلە بار ئىدى. بىرى بۇ چالغىتمىلارنىڭ نېمىسىگە جاۋاپ بېرىمەن؟ تىللاشقا تىللاش بىلەن جاۋاپ بېرىشنىڭ ھېچ قىممىتى يوق. كۆتۈرۈپ چىققان نۇقتىئىينەزەرلىرىگە قارشى يازغانلىرىم يېتىدۇ ياكى يەنە دېسەم يەنە شۇ. ئۆزەمنى ئاقلايدىغانغا كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان قارىشىمۇ يوق؛ بەلگىسىز نېمە ئۈچۈن؟لەر، قانداق؟لار، قېنى؟لار.

ئىلگىرىدىن بىرمۇنچە نۇقتىلاردا ئوخشاشلىقىمىز بولغان بىر ئادەمنىڭ بۈگۈن بىرلا يۈمۈلاپ قارشىمدىن چىقىشىغا قارىتا قانداق قىلىشىم مۇمكىن؟ بىر بىرىگە رەپ يېمەيدىغان قاراشلىرىنى بىر

يەرگە توپلاپ، بىر بىرىگە سوقۇش سېلىپ قويساملا بولاتتى. بۇ خىل ئۇسۇل بىزنىڭ كونىلاردا ئىككى خىل ئاتىلىدۇ: «نوخۇنۇسىنى ئېلىپ كۆتىگە تىقىش»، ئەمما بۇ بەك سەت گەپ بولغاچقا مەن بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمەسلىكىم كېرەك. يەنە بىرى «ئۆز يېغىدا گۆشىنى قورۇش»، بۇ بىراز بولۇدۇ. يا بولمىسا شۇنداق ئاتىسامۇ بولۇدۇ: قۇيرۇقىنى ئەكىلىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇش.

جاۋاپ يېزىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن قالدىكى، تەلەپپۇز مەسىلىسى. قانداق تەلەپپۇزدا يازسام بولار؟ سىدىقهاجى ئىززىتىنى ساقلىغان هالدا، ئوبزورغا خاس تىل بىلەن، كۆز قاراشلىرىمنىڭلا خاتاسىنى كۆرسەتكەن، مۇجىمەللىكلەرگە ئېنىقلىما تەلەپ قىلىپ سوئال قويغان بولسا ياخشى بولاتتى؛ شەخسىيىتىم ئۈستىدە قىلىنغان مەسخىرىۋازلىقلىرى ئۆزىگە، يېشىغا ياراشمايدىغان بىر سەۋىيەگە يەتكەچكە، خۇددى شۇنداق تەلەپپۇزدا جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدىم. ئەمما يەنە لوقمان هېكىمنىڭ: «ئەدەپنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ئەدەپسىزلەردىن» دېگەن مەشهۇر سۆزى بىلەن ئۆزۈمگە هاي بېرىپ، مۇمكىن بولغىنىچە پەيلىمنى تىزگىنلەپ، سىپايە جاۋاپ بېرىشنى تاللىدىم.

هامىنى سىدىقهاجى روزى بىلەن يېزىشىدىغان بولغاندىكىن، بۇ «ماقالىلەر» بىلەنلا چەكلەنمەي، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نۇتۇقلىرى، يېقىندا نەشىر قىلىنغان كىتابى، ئوبزورلىرى، ماڭا مەلۇم هەممە مەھسۇلاتلىرىدىن ئەركىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدىم ۋە بۇ «ئەسەرلەر كارۋىنى»نىڭ قارشىسىدىن چىقىدىغان بۇ ماقالەمنى ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر مەۋزۇسى بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ھە، تۇغرا يەنە بىر مەسىلىمۇ بار. سىدىقهاجى پومىشچىكنىڭ بالىسى دېيىلىپ، شۇنچىلىك خاپىلىقلاردا قالغان بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولۇپتىكەن. مەن (ۋەتەندىكى چاغدا خىتايغا ئالىيىپ باقالمىغان) ئالىي مەكتەپكە بېرىشتىن چەكلەنگەن، ئۇدا ئىككى يىل ئىمتاھان بەرگەن بولسامۇ بارغۇزمىغان ئىدى. شۇڭا سىدىقهاجىدەك «پوبلىستىك، موبلىستىك» «ئېتىكا ـ پېتىكا» دېگەندەك ھەيۋەتلىك چەتئەل تېرمىنلىرىنى بىلمىسەم بۇ ئەللامىگە قانداقمۇ بەس كەلگىلى بولار؟ دەپمۇ قورقتۇم. مەن پەقەت كوچىدىكى ساددا ئۇيغۇر تىلىنى، مەھەللەمدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي تەمسىللەرنىلا بىلىمەن. چارە يوق. بىلگىنىمنى چىللايمەن. ئۇستاز ئۆزى بولغاندىكىن رەھبەرلىك قىلار.

## سىدىقهاجى روزى «تەنقىد»لىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش

كىتاپلىرىم تارقىلىپ بىر يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە تۇيۇقسىز «تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك» قەپەزدىن چىقىرىلغان بۇ تەنقىدلەرنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى شۇنداق: يېقىندا بازارغا سېلىنىدىغا «ئىككى ئايرىلماسلىق» ياكى «ئاپتونومىيىچىلىك» سەپسەتىسى ئۈچۈن مەنەۋىي ئاتموسفىرا يارىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئۆكتىچى بولۇش ئېهتىمالى بولغان ئۆكتىچىنى «ئۇجۇقتۇرۇپ، سۆكۈتكە چۆمدۈرۈۋېتىش» ئارقىلىق باشقا ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش. يەنى، «توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى قورقۇتۇش».

چۈنكى سىدىقهاجى روزى شۇنى بىلەتتىكى، 2000 ـ يىلى بىر قېتىم «ئاپتونومىيە» «ئايرىلماسلىق» شامىلى چىققاندا (بۇمۇ سىدىقهاجى روزىنىڭ خەۋەردار قىلىشى بىلەن بىلىنگەن. دېيىشچە ئامېرىكىدا

ئامېرىكىلىق بىرلىرى تەيۋەن خىتايلىرى، دېموكراتىك خىتايلار، تىبەتلىك ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى بىرىيەرگە ئەكىلىپ، مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ، ئالدى بىلەن كوممۇنىست خىتاينى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا بىرلىكسەپ بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ. ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ. بۇنى يازما ھۆججەتلەشتۈرىدىغان چاغدا بىزنىڭكىلەردىن بىر دانا ئادەم ــ بەلكىم سىدىقھاجىدۇر ــ چىقىپ قېلىپ، ھۆججەتكە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن باشنى تاشقا ئۇرۇپمۇ ئۆزگەرتمەك تەس،... دەپ بۇ پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ. بۇنى ئۇقۇپ) مەن سەبداشلىرىم بىلەن ئىستانبۇلدا بىر قارشى ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. يۇزلەرچە ئۇيغۇرنىڭ ئىمزاسىنى ئالغان ئىدۇق (بۇ ئىمزا قويۇشنى بىرلا سەيپۇللاھ پامىر رەت قىلغان ئىدى. ھازىر بۇ ئىمزا ھۆججىتى «ئەينەك» تورىنىڭ مۇنبىرىدە، «تور ئارخىبىمدىن تاللانمىلار» ئىچىدە). بۇنى ئاڭلىغان سىدىقھاجى روزى ــ ئۆزلۈكىسىز ئىنقىلاپچىلىق مەيدانى بىلەن بۇ ھەرىكەتنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ئىمزا توپلانغان ۋاراقلارنى ئەۋەتىپ بەرسەك ئامېرىكا كونگىرېسى (قازى)غا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ئەمدى ئاشۇ «ئىككى ئايرىلماسلىق» قايتا بازارغا سېلىنىش ئالدىدا تۇرۇدۇ. تېخىمۇ توغرىسى بۇ مالنىڭ بازارغا سېلىنىشى مائاشلىق ئىنقىلاپچىلىرىمىز مائاشقا داۋا باشلىغاندىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۆز خەلقىدىن يوشۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. ئەمدى ئاستا ـ ئاستا خۇددى ئاۋازى چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئاستا قويۇپ بەرگەندەك، پەم بىلەن چىقىرىپ، ئەتراپنى بۇ سېسىقچىلىققا تولدۇرۇشقا باشلىدى. بەلكىم پۇل بېرىۋاتقان خوجايىنلار «ئۆز خەلقىڭگە باشقا، چەتئەللىكلەرگە باشقا گەپ قىلىدىكەنسەن، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، خەلقىڭنىمۇ مۇشۇنىڭغا كۆندۈرۈشۈڭ كېرەك» دەپ تەلەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى پۇل بەرگەن بۇيرۇقمۇ بېرەلەيدۇ ئەمەسمۇ.

بۇ قېتىم ئىشنىڭ بېشىدىكىلەردىن بىرى سىدىقھاجى ئۆزى («مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزگۈرۈپ كەتمەيدىغان» ئىنقىلاپچىللىق پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى، جىيا باۋيۇ ي[1] تۇغۇلغاندا قاشتېشىنى چىشلەپ چۈشكەندەك، سىياسەتنى بىلىپلا تۇغۇلغان ئەللامە) بار. «سىزنىڭ قەلىمىڭىز بەك ئۆتكۈر، سىزلا تەڭ كەلمىسىڭىز بىكار، سىزدەك بىر ئادەم تۇرغان يەردە... » دېگەندەك شىلاپ ئۇچۇرۇشلار سايىسىدە بۇ كىشى شۇنداق پەرۋاز قىلغانكى، قانداق چۈشۈش توغرىسىدا ئۇيلاپمۇ ئولتۇرماي، ئۆز قۇيرۇقىنى تالاش شەكلىدە ئۇمۇرلۈك سىياسىي غايىسى سۇپىتىدە نامايەن قىلىپ كەلگەن مەيدانىغا ئۆزى قارشى چىقىشقا ئاتلانغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇنىڭدا مېنىڭ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئېھتىماللىقىم نۆل ئەتراپىدا پەرزدە تۇتۇلغان. سەۋەبى، ئىلگىرى مەن سىدىقھاجى ۋە ئۇنىڭ گېرمانىيىدىكى چاپانچىلىرىنىڭ كۈشكۈرتۇپ، ئەركىن ئالپتېكىنگە قارشى ماقالە يازدۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىنى رەت قىلغانلىقىمدىن ئىلھام ئالغان (مەن ئۇ چاغدا «گەرچە مەن ياخشى كۆرمىسەممۇ، ئالپتېكىننى دۇنيا ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدۇ، شۇڭا ئۇنى سۇندۇرۇش توغرا ئەمەس» دەپ ئۇنىمىغان ئىدىم). يەنى، ئۇمۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، قارشى چىقمايدۇ، بۇنى ئۇيغۇر جامائىتى «قورقۇش، يېڭىلىش» شەكلىدە چۈشۈنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۇنى ئۇچۇدۇ! دەپ پەرەز قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر ئوبزورچى، سىياسەت ئىلمىنىڭ ئەللامەسى سىدىقھاجى روزى مەسخىرىۋازلىق ھۇجۇمىنى باشلايدۇ. تور بەت باشقۇرىدىغان چاپانچىلار

[1] جىيا باۋيۈي ــ (ساختىنا قاشتېشى مەنىسىدە) ــ خىتاي كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ باشقەھرىمانى ــ ئا.

ماسلىشىدۇ. قارشى ئىنكاسلار ئۆچۈرۈلۈپ، گويا ھەممە كىشى سىدىقھاجىنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇۋاتقان مەنزىرە يارىتىلىدۇ. بەزى دۈشمەن ئايغاقچىلىرى بۇنى ئالتۇندەك پۇرسەت بىلىپ، «ئىنكاس» شەكلىدە بۇ پىكىر ئىبقىمىنى قۇۋۋەتلەپ بېرىدۇ...

## قاراشلىرى ۋە قاراشلىرىم

سىدىقھاجى روزىنىڭ قاراشلىرىنى (قاراش دېسەم توغرا بولامدۇ، يوق ئىشەنچ قىلالمايمەن) تۈرلەرگە ئايرىپ ئاندىن جاۋاپ بەرسەم ئاسانراق بولار، چۈنكى مەن تېخىچە ئۇگۇنۇش باسقۇچىنى تاماملىيالمىغان «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت» بولغاچقا، «ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك» چىگىش قىلىۋەتسەم ئېزىپ كەتمەي دەيمەن.

بۇنداق تۈرلەرگە بۆلدۈم:

ئامېرىكا ئازات قىلىپ قويىدۇ ــ قويمايدۇ؛

ۋەتەن ئىسمىنى مەتۇلارچە تالىشىش (ئەسلىدە بۇنى تىلغا ئېلىشمۇ ئەيىپ، بىراق، چارە يوق)؛

تېنچلىق بىلەن ئازات قىلغىلى بولىدۇ ــ بولمايدۇ؛

رادىئو ۋە قۇرۇلتاي ئادۋۇكاتلىقى ۋە تەنقىد؛

چەتئەلدىكىلەرنىڭ بۈيۈك ئىش تەۋرىتىۋاتقانلىقى سەپسەتىسى ۋە بۇنىڭ يالغانلىقى؛

مېنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يول كۆرسەتمىگەنلىكىم، پەقەتلا ئۇنىمۇ ـ بۇنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقىم؛

مەسخىرىۋازلىقلار.

بۇنى يەنە مۇنداقمۇ تۈرلەشكە بولىدۇ: سىدىقھاجى روزىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەيدانى؛ يەنە بىرى، «ئىچكى تاشقىي شەرتلەر» تەسىرىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەيدانى.

بۇلاردىن «ئامېرىكا ئازات قىلىپ قويىدۇ»سى ھەر ھالدا ئۇزاق مەزگىللىك ئەقىدىسى دېيىشكە بولىدىغان (ھېچ بولمىغاندىمۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن بېرى ئىزچىللىقىنى ساقلىغان) قاراش بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدىكى ئىنقىلاپچىلىق ھاياتىدا بۇ «سوۋېت قۇتقۇزىۋالىدۇ» شەكلىدە ئىدى. شۇڭا سىدىقھاجىنىڭ توپىدىكىلەر سوۋېتكە قاچقان ياكى قېچىش يولىدا تۇتۇلغان ئىدى. كېيىن بىردىنلا تۈركىيەگە چوقۇنۇش باش كۆتەردى (ئەگەر بۇنى ئىنكار قىلماقچى بولسا ماڭا تېلېپۇن قىلسا پاكىتنى قولىقىغا پىچىرلىسامۇ بولىدۇ). «تېنچلىق بىلەن ۋەتەن ئازاد قىلىش» دېگىنىمۇ ئۇزاق مەزگىللىك دېيىشكە بولىدىغان قاراشلىرىدىن بىرى. بۇنى ۋەتەندىكى چاغدا باشلىغان، ياشلىق ۋاقتىدىكى ئىنقىلاپلىرىنىڭ تېپى شۇ. ئەمما تېچلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىرمۇنچە ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تېزىشىمىز مۇمكىن:

« سەن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر (مۇستەقىللىق ياكى ئاپتونومىيە) سەندىن، مەندىن قان تەلەپ قىلىدۇ، قان! تەييارلىقىڭ بارمۇ، يوقمۇ، تىلەمچى ئەپەندى؟

«هوقۇق تىلىگەنگە بېرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، قاراپ تۇرغانغا تەقدىم قىلىنىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، هوقۇق كۈچ ئىشلىتىپ تارتىپ ئالىدىغان ۋە تىلەمچىلىك قىلىپ ئەمەس، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېرىشىدىغان نەرسىدۇر.»

«ئۇيغۇرلار ئىرادىسىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسى شۇكى ‹مېنىڭ ۋەتىنىم› دېگەن سوبېكتىپ ئىبارىنى كۆرەش ئارقىلىق ياكى تېنچ يوللار ئارقىلىق ياكى قان تۆكۈش ئارقىلىق ئوبېكتىپ پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك ياكى مۇنداق ئېيتقاندا، ۋەتەننى ئەمەلىي ئىگىلەشكە كىرىشىشى لازىم. ئىگىلەش هەركىتى ئۇيغۇرلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان هەركەت بولۇشى كېرەك.

«ئاڭلىق مەقسەتنى قوغلۇشۇدىغان قارام هەركەت تەييارلىشى لازىم. تەۋەككۈلچىلىك روهى يوق مىللەت ئىستىقبالى يوق مىللەتتۇر. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى شۇ مىللەتنىڭ پەقەت قوراللىق ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاش، سىياسىي تەلەپلىرىنى كۆرەش شەكلى ئارقىلىق ئىسپاتلاشتىن باشقا هەرقانداق بىر شەرتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.»[1]

ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە رادىئو هەققىدىكى ئاقلاشلىرى «يالىقىنى قوغداش» تېپىدىكى ئادۋوكاتلىق بولۇپ، «پىشانىسىنى سىلىۋېتىش»كە تەۋە. شۇنداقلا «ئۆزۈلكېسىل مۇستەقىلچىلىق»تىن «ئىككى ئايرىلماسلىق»قا ئۆزگۈرۈشىمۇ، چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىش قىلىۋاتقانلىقى ياكى چەتئەللەردە ۋاي دېگۈدەك بىر ئىشنىڭ يوقلۇقى هەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئاشۇ تېپتە بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا سۈپەت ئۆزگۈرىشى ياسىدى. ئەمما بىر نۇقتا ئەسكەرتىشكە ئەرزىيدۇ: چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىش قىلىۋاتقانلىقى ياكى چەتئەللەردە ۋاي دېگۈدەك بىر ئىشنىڭ يوقلۇقى مەسىلىسىدىكى قارىشىغا بىر ئاز ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: ئىلگىرى چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلار ئۆلۈكتەك ياتاتتى، ياكى هەتتا ۋەتەننى ساتاتتى؛ ئەمما سىدىقهاجىلام توختىماي نۇرغۇن ئەهمىيەتلىك ئىشلارنى قىلاتتى، هەتتا ۋەتەننى ئازات قىلايلا دەپ قالغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى. هازىر ئەمدى توپقا قوشۇلۇپ، چەتئەلدىكى هەركەتلەر «ئۆز...»لەشكەچكە، چەتئەلدە بۈيۈك ئىشلار بارلىقىنىڭ ئىسپاتچىسى بولىۋاتىدۇ.

ئەمدى جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىپ كۆرەي.

پىشقەدەم، مەشهۇر ئوبزورچى ۋە سىياسەت پەنلىرى بويىچە ئەللامە سىدىقهاجى روزى «ماقالىسى»دا بىر هازا ئىسىملىرىم بىلەن هەپىلىشىدۇ. ئاندىن كۆپ چېكىت بىلەن ئايرىلغان ئۇزۇنتە نەقىللەر بىلەن قۇرلارنى تولدۇرىدۇ (نېمە قىلماقچىدۇ؟ بەلكىم «ماقالىسى»غا هەجىم قازاندۇرماقچىدۇر).

بۇ ئۇزۇنتىلەردىن كېيىن ماقالىلىرىمنىڭ «پوبلىستىك» ماقالە تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىم ئۈچۈن مەرهەمەتنى ئايىمايدۇ (بۇ پىشقەدەم ئوبزورچىنىڭ ئاساسىي خاسلىقلىرىدىن بىرى دەل مۇشۇنداق «پوبلىستىك، موبلىستىك» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى كۆپ بىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ «ئوبزورلىرى»نى بىزەشتىكى ئالاهىدە مېتودلىرىدىن بىرى).

بۇنداق «ئۇزۇنتە ئېلىپ تەنقىد قىلىش» كوممۇنىستلارنىڭ هەقىقەتنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشتىكى مېتودلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇزۇك ـ ئۇزۇك چالا جۈملىلەردىن مەيدانغا كەلگەن مەنا مۇجمەللىكى ياكى مەنانىڭ تەتۈرىگە ئۆزگۈرۈپ كۆرۈنۈشى، ئەسلى تېكىستنى كۆرۈش ئىمكانى بولمىغان ئوقۇغۇچىغا

---

[1] ئەللامەنىڭ يېقىندا نەشىردىن چىققان «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن ــ ئا.

ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق خاتا، ئاشۇنداق بىمەنە، زىيانلىقتەك ــ بۇرمىلىغۇچىنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن ــ تۇيغۇ بېرەتتى.

ئاندىن، كىتابنىڭ بېشىدىن كىرگەن بۇ ئوبزورچى چۆمگەكتەك[①] بىراقلا كىتابنىڭ ئاخىرىسىدىن چىقىدۇ-دە، «قۇرۇق ناننى سومكىغا سېلىپ...» (ھەتتا سوغۇق سۇغا تۆگۈرۈپ يېۋېلىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي) ئىشقا ماڭغان داھى ۋە يېزىق ئۇستىلىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ «ماتىرىيال» ھازىرلايدىغان سىدىقھاجى ــ ئىككى پىشقەدەم ئىنقىلاپچىنىڭ جاپالىق ئىنقىلابىي ھاياتىنى ئۇستىلىق بىلەن رېكلام قىلىدۇ.

مېنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنىم دەل شۇ « يېزىق ئۇستىلىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ھازىرلاپ بېرىدىغان ماتىرىيال»لىرىڭىز، ئەپەندىم! چۈنكى بۇنداق سەۋىيەسىز يازمىلىرىڭىزدىن كۆرۈشكىمۇ توغرا كەلگەچكە دەل شۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەيمەن. كاشكى ماتىرىيالسىز، ئاق قالساق ئىدۇق، دېگۇدەكلا! 50 - يىللاردا توختاپ قالغان سەۋىيە، قېتىپ قالغان كاللا، ھادىسىلەرنىڭ مەتبۇئاتلار تەرىپىدىن سۇنۇلغان ئالدى يۈزىگىلا ئىشىنىدىغان باللارچە سىياسىي ساپا!

نېمىشكە قۇرۇق ناننى سومكىغا سېلىپ ماڭىدىغاندۇ؟ نامرات ۋە دوستى يوق مىللەتنىڭ داھىلىرى بولغاچقىمىدۇ؟ ياكى ۋاقتىنىڭ بەك قىسلىقىدىنمىدۇ؟ نامراتلىقتىن ئىكەنلىكى يەنە بىر مەنبەدىن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: «كىتابلىرىمنى نەشىر قىلىپ ۋەتەنداشلىرىمغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، مېنىڭ ئۇنداق ئىقتىسادىي كۈچۈم يوق،...» (شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى سېتىۋېلىش بىر خىل سىياسىي ۋەزىپە دېيىلىپ، ئۇيغۇرلارغا تېڭىلماقتىكەن). دېمەك، نامرات مىللەتنىڭ نامرات لىدىرلىرى بولغاچقىلا شۇنداق ئىكەن. ئەمما ... (بۇ يەرنى كېيىن ئۆچۈرىۋەتتىم، ئەگەر مەجبۇر قالسام كېيىنچە يازارمەن). بولمىسا «بىر خالىس»، دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان ئورۇن تەرىپىدىن پۇل بېرىلىدۇ. بۇ «خالىس ئورۇن» بۇ خىراجەتلەر بەدىلىگە 16 سائەتلەپ كەتمەن چېپىشنى تەلەپ قىلغىنى يوق. ساخاۋەتچى بولغاچقا كۆڭلىدىن چىقىرىپ، پەقەت ئەرزىمىگەن، ئاسان بىرنەچچە شەرتكەــ توغرىسى قۇرۇق گەپكەــ ماقۇل دېسىلا بېرىدىغان پۇلى بار:

ــ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەننى قوللانمايسەن!

ــ خوپ بولىدۇ.

ــ خىتاي بىزنى بېسىۋالغان دېمەيسەن!

ــ خوپ بولىدۇ.

ــ مۇستەقىللىق دېمەيسەن، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىسەن.

ــ خوپ.

مانا شۇنچىلىكلا، ئاددىي، ئاسان تەلەپلەر.

«خالىس ئورۇن» دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان بولۇشىغا قارىماي، بۇ بىچارە مىللەتنىڭ ۋەتىنىنى ئۆز تىلى بىلەن ئاتىشىغا يول قويماسلىقنى بىر شەرت قىلىدۇ (بەك ئەقەللىي بىر كىشىلىك ھوقۇقىمىزمۇ بولمايدۇ).

بۇ ئورۇندىن نان يەۋاتقاچىمىكىن، لىدىرلىرىمىزمۇ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىدىغان تۇرۇغلۇق،

---

① چۆمگەك ــ ئۆدەك ئائىلىسىگە كىرىدىغان، ئەمما جۈغى كىچىك سۇ قۇشلىرىدىن بىرى ــ ئا.

باشقىلارنىڭ دېموكراتىك ھەقلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىققا تىرىشىدۇ. «مەندىن باشقا كىشى سۆزلىمەسلىكى كېرەك!»، «مۇشۇ بىردىن باشقا تەشكىلات بولماسلىقى كېرەك!»....

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە قايتسام، ئەسلىدە ئوبزورچى دېگەن، ئۆزى باھا بېرىۋاتقان ماقالە ئىچىدىكى مەلۇم نۇقتىئىينەزەرنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ خاتالىرىنى كۆرستىشى، ئىسپاتلىشى كېرەك بولسىمۇ، كىتاپنىڭ بېشىدا «ئىسىملار خاپىلىقى» تاپقاندىن باشلاپ، ئەڭ ئاخىرىسىغا ئاتلايدۇ-دە، «قېنى؟ نېمىنى؟ قايسى؟....» دېگەندەك سوئاللار بىلەن ھېچنېمىنى كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ، گويا، بىر ئېنىقسىزلىق ھەققىدە سوراقلاۋاتقاندەك مەنزىرە يارىتىشقا ئۇرىنىدۇ.

يەنە بىر تاپقان خاپىلىقى، ماقالىلىرىمنى «خەلق ئۇچۇن بىر تۈرلۈك سىياسىي دەرس» دېگەنلىكىم بولۇپ، ئەسلىدە بۇنىڭدىكى چاتاق، ئۆزىنى بەك سىياسىيون، ئۇستاز... بەك ئۆتكۈر... ھىساپلايدىغان بۇ ئوبزورچىنىڭ «بۈيۈكلۈك شەنى»گە تەككەن. يەنى مەندىن چوڭلۇق تالاشماقچىمۇ؟ دېگەن ئاچچىقتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ يېڭىلا نەشىردىن چىققان كىتابىدىن خالىغان مىقتاردا دەلىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ «ئۆگۈتۈش» سۆزىنىڭ ئوبېكتى ئۆزى بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى سېزىپلا قالسا نېرۋىسىدىن كېتىدىغانلىقىنى نامايان قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغاندىلا سىياسەتنى بىلىپ تۆرەلگەن ئىكەن ئەمەسمۇ! ئەگەر ھەر بىر لىدىر (ھۆكۈمدار) سىزگە ئوخشاشلا «ئۆگۈتۈش»تىن نېرۋىسى قوداڭشىپ كېتىدىغان بولسا، دېمەك ئۇنىڭ ئىشى بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم سىز، سىياسەتنى بىلىپ تۇغۇلغاچقا مۇستەسنادۇرسىز.

«سىياسىي دەرس» دېگەن بولسام سىز ئۇچۇن ئەمەس ئىدى. چۈنكى سىز سىياسەتنى بەك بىلىسىز ئەمەسمۇ، توشۇق بولغىنىڭىزدىن ھىچ بىكار يېرىڭىز قالمىغان ۋەزىيەتتە. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سىز شاخسانىغۇچتەك[1] بىردەم ئۇ شاخقا، بىردەم بۇ شاخقا سەكرەپ، مۇشۇ يېشىڭىزغىچمۇ ئۆزىڭىزنىڭ تۇتۇمىنى بەلگىلىيەلمىدىڭىز. ئەسئەت سۇلايمان مىللىي خاراكتېرىمىزنى ئانالىز قىلغان ماقالىلىرىدە «مەڭگۇ بىر مەنبەدىن يەنە بىر مەنبەگە ئېغىش (ھېچقاچان ئۆزىگە خاس يول، نىشان، ئىدىيە شەكىللەندۈرەلمەسلىك)»[2] دەپ تەرىپلىگەندەك، ياش چاغلىرىڭىزدا «سوۋېت بىزنى ئازات قىلىپ قويىدۇ» دېگەنگە ئىشەنگەن، سىز، بىردىنلا يەنە بىر مەنبەگە ئېغىپ، تۈركىيەگە چوقۇنغۇچى بولغان ئىدىڭىز. كېيىن بىردىنلا تۈركىيەنى ئۈچ كۆرۈشكە باشلىدىڭىز - دە، يەنە بىر مەنبەگە ئېغىپ، «ئامېرىكا بىزنى ئازات قىلىپ قويىدۇ» دەپ ئىشىنىپ غەرپكە كېلىپ ياتقاندا؛ كەمىنە — ۋەتەندىكى چاغدا «خىتايغا ئالىيىپ باقمىغان» مەن — «بىزنى ھېچكىم ئازات قىلىپ قويمايدۇ، ئۆزىمىز جاننى ئالقانغا ئېلىشىمىزلا كېرەك» دېگەنگە ئىشىنىپ، شەرق تەرەپكە كەتكەن ئىدىم.

بىر مەنبەگە ئېغىش — كۆتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندە «قېيداش»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ئىلگىرى تەلپۈنگەن مەنبەگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنى سىزنىڭ ئەمەلىيىتىڭىزدىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ: تۈركىيەگە چوقۇنۇشىڭىزنىڭ ھېچقانداق مەنتىقىلىق ئاساسى يوق ئىدى، تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ تەنتەك خىيالىڭىز بىلەنلا چوقۇناتتىڭىز. ئەمدىكى ئۆچمەنلىكىڭىزنىڭمۇ ھېچقانداق ئاساسى

---

[1] شاخسانىغۇچ — ئاققۇچقاچ ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش. ئۇ دەرەخكە قونسا ھېچ تۇرماستىن شاختىن - شاخقا ئاتلاپ تۇرىدۇ، — ئا.

ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ».

يوق، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭلا تەنتەكلىكىدىن! ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىنمۇ بىكاردىنلا ئۇمىد كۈتكەنسىز (بۇنى كىتابىڭىزدا ئوچۇق دەپسىز، ھەتتا كېچىسى ئۇخلىماي، ھاراق ئىچىپ تەبرىكلىگەنلىكىڭىزمۇ بايان قىلىنىپتۇ)، كۈتكەن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىنلا خۇددى خەققە ئۆتكۈزۈپ قويغىنىڭىز باردەك قېيداپ، دۈشمەن تىزىملىكىمىزگە ئۇلارنىمۇ قېتىۋالغاندىن باشقا، ھەتتا قانداشلىقىمىزدىنمۇ تېنىپ، تارىخنى تەھرىرلەشكە باشلىدىڭىز.

ئاشۇ ئېغىپ يۈرۈشلىرىڭىز، بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ تەشۋىقات تەرىپىدىن سۇنۇلغان ئالدى يۈزىگە (ئامېرىكا ئىراقنى سادداملىنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلغىلى باردى؛ تېرورغا قارشى تۇرۇش ۋە ئاممىۋي قەتلىئام قوراللىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن باردى، كۈۋەيتنى ئازات قىلىپ قويدى، دېگەندەكلەرگە) ئىشىنىدىغان كىچىك بالىلارمۇ بەك ئاز قالغان بولىشىغا قارىماي، سىز تېخىچىلا ئەنە شۇ پەدەزلەپ كۆرسىتىلگەن يۈزىنى راست دەپ ئىشىنىسىز (سىياسەتنى بەك بىلىپ، توپا چىقىرىۋېتىپ بارغىنىڭىز ئۈچۈن). ھېچ تارتىنماي دەيسىزكى، «ئىككى جۇمھۇرىيەتنى قۇرغانلار سىياسەتنى بىلمەيتى، شۇڭا مەغلۇپ بولدى» (ياشاپ كېتىڭ! ئەللامە!) دېيىشكىمۇ پېتىنىسىز! يەنە ماڭا «ئۇستازىم» دەپ تەنە قىلىشتىن تارتىنمايسىز. بۇ «ئۇستازىم» دېگەن تەنىڭىزنىڭ ئاستىدا ياتقان مەنا ھەركىمگە ئايانكى، «بۇ ئۇستاز مەن، مەندىن باشقا كىمنىڭ بۇنداق سالاھىيەتنى تالىشالايتىڭ!» دېمەكچى بولىسىز. بەلكى سىزنى ئۆزىڭىزگە سىياسەت ئالىمىدەك ھېس قىلدۇرغىنى كىتابىڭىزنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بېرىلگەن ئاجايىپ سىياسىي مۇلاھىزىلىرىڭىز، ئۆز ـ ئۆزىنى خۇش قىلىش تۈرىدىكى سىياسىي ئىستراتېگىيە تەھلىللىرىڭىز (بەڭگى خىيالى دېيىشكە بولىدۇ) بولسا كېرەك.

سۆزنى ئەپقېچىش ئۇسۇلى ياكى «پەللەمپەي ئاتلاش» مېتودى بىلەن بىر سەكرەپلا ماڭا «ۋەتەندىكى چاغدا خىتايغا ئالىيالىغانمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ ياشلىق يىللىرىڭىزدىكى سوۋېت مەستانىلىكىدىن مەنبەلەنگەن ئىش ـ ھەركىتىڭىزنى مىننەت قىلماقچى بولىسىز (ياكى ھېلىقى «كىلاسسىك» ئىككى ماقالىڭىزنى). مېنىڭ ۋەتەندىكى چاغدا نېمىلەر قىلغانلىقىمنى ئوبدانراق سۈرۈشتە قىلىپ باقارسىز. «ئازاتلىق كۆرىشىمىزنىڭ تەقدىرىگە ساختا مۇئامىلە قىلالمايمەن» دېگىنىمنىمۇ ئۇتتۇر سىزگە تېگىپتۇ. دېمەك، ئەينەكتىن ئۆزىڭىزنى تونۇۋاپسىز. ئۇنداقكەن، نېمە چارە، سىزدىنلا مىسال بېرەي:

(مەن ئۇ گەپلەرنى يېزىۋاتقاندا، سىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن، ئۆزىڭىزنى ئەسلىتىپ ياخشى قىپسىز). سىز بەك ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولىدىغان كىشى بولسىڭىز، «شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇشتىكى سەۋەبىڭىز نېمىدى؟ «داۋانىڭ رېئال ئېھتىياجى»مىدى؟ ياكى ئەركىن ئالپتېكىنگە كوزىر كۆرسىتىشمۇ؟ بۇ ھەقتە دېگەنلىرىڭىز خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ئەقلىدە. ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى باشقا مەسىلە؛ دېمەكچى بولغىنىمىز پەقەت سىزنىڭ بۇنىڭدىكى مۇددىئاڭىز!

«خارجى ئىشلار بۆلۈمى، بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئورگانمۇ؟ ماھنۇر يۈسۈپ خارجى ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇغۇ؟»

«ئاتۇشلۇق يۈسۈپ ھەسەننىڭ ئوغلى ئەنۋەر يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى ماھنۇر يۈسۈپ (بۇ ئايال ئاپتونوم

رايونلۇق خارجى ئىشلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ بۆلۈم بىختەرلىك باشقارمىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى)...»[1]

كىتابىڭىزدا ئىككى يەردە ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ئوخشاش ئىسىمغا ھەر ئىككى قېتىمدا ئوقۇغۇچىنى گۇمانغا يېتەكلەيدىغان جۈملىلەرنى قوشۇپ قويۇپسىز-دە، ئۇلارنىڭ سىياسىي كىملىكى شۈبھىلىك دېمەكچى بولۇپسىز. ئەمما سىز دەل «شۇ شۈبھىلىك»لەرنىڭ سورۇنىدا قايناپ يۈردىڭىز، ھۆكۈمەتنىمۇ شۇلار بىلەن قۇردىڭىز ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ، سىز دېگەن سىياسىي جەھەتتە بەك سەزگۈر بولغاچقا ئادەملەرنى بىرلا قاراپ بىلىۋالالايتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئۆزىڭىز دېگەن: «مەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزگۈرۈشچان كەيپىياتىنى ھەرقانداق سورۇنلاردا ئوڭايلا بىلىپ قالاتتىم.»[2]

يەنە بىر مىسال: سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا بېقىلسا، ئۆز ۋاقتىدا «ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئىچىدە ساق ئادەم يوقىدى. ئۇ چاغدىغۇ ئالىپتېكىن ئەپەندىنىڭ قولىدا ياكى ئىلگىرى يەنە باشقىلارنىڭ قولىدا ئىدى، چارىسىز ئىدىڭىز دەيلى، ئەمدى قانداق بولدى؟ ئاشۇ مۇناپىقلارنى تازىلىۋەتتىڭىزمۇ؟ ياكى سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزگە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابچىغا ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟

شۇ يېتەرمۇ يا؟ يېتەر!

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەگەر تاسادىپىي ھوقۇق قولدىن كېتىپ، يەنە باشقا بىر تېكىنلەر ياكى بېكىنلەردىن بىرى لىدىر بولۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ مەشھۇر ئوبزورچىمىز قىلچىنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋە رادىكال ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتىدە، مۇرەسسەسىزلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولاتتى. ئاللاھقا شۈكرىكى، لىدىرلىرىمىز «دېموكراتىك سايلام» بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدىغان بولغاچقا، باشقا بىرىنىڭ چىقىپ قېلىشى تەسەۋۋۇر تېشى؛ يەنى، تاكى ماۋزەيدوڭدىن كېيىنلا ئاندىن خۇاگوفېڭغا نۆۋەت تەككەندەك داۋام قىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

****

«ياۋا كەپتەر»دىن غەلىتە ئىلھام (بەلكىم تەتۈر ئىلھام) ئالغانلىقىممۇ سىزنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى رادىئودىن ئاڭلىمىدىم، «مەرىپەت» ناملىق بىر ژۇرنالدىن ئوقۇدۇم. رادىئومۇ «دىكلىماتسىيە» قىپتۇ دېگەننى ئۇقۇپ بۇ ئىلھامنى ئالغان ئىدىم. مېنىڭ دېگىنىم نېمىشكە خاتا چىقىپ قالدى ئەپەندىم؟ ئىككىمىزنىڭ رادىئودىن كۈتىدىغانلىرىمىز ئوخشاش ئەمەسمىدى، ئەجەبا؟

«رادىئو ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار يوقاتقان مىللىي روھنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلۇق، مىللىي روھىمىزنى ۋە مىللىي غورۇرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالايلۇق.»[3] دېمىگەنمىدىڭىز؟ قانداق قىلىپ؟ رادىئو مۇشۇنداق بىر پروگرامما تەسىس قىلىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ؟ ياكى ھەر باھانىگە يۆلەپمۇ؟ مەسىلەن: مەن بۇ ھېكايىنىڭ سىمۋوللۇق مەنالىرىغا بىر يېشىم بېرىش شەكلىدە، ئەمەلىيەتتە خەلققە بىر قېتىملىق مىللىي روھ تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولاتتى، رادىئو پەقەت ھېكايىنىڭ ئۆزىنىلا ئاڭلىتىپ قويىدى، ھېكايىنىڭ ئۆزى دېمىسىمۇ ۋەتەن ئىچىدە نەشىر قىلىنغان بولغاندىكىن، ئەمدى ۋەتەن ئىچىدە قىلغىلى بولمايدىغان

---

سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ — 1»

سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ — 1»

سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ — 1»

يېرىنى ئەركىن دۇنيادا قىلغان بولساق ياخشى بولاتتى، دېمەكچى ئىكەنلىكىم شۇ قەدەر چۈشۈنۈكسىز كەلدىمۇ، سىزگە؟ سىز ئەللامە، بىر قاراپ ھەر نېمىنى بىلىۋالىدىغان تۇرۇپ، بۇنى چۈشەنمەپسىزۇ، يەنە «غۇلام ئوسمان چۈشەنگەن بولسا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ چۈشەندى» دەپسىز. يەنە بىر قارىمۇ ـ قارشى گېپىڭىز : «20 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى ھېچبولمىغاندا سىياسەتتە ئېپتىدائىي سەۋىيە باسقۇچىغا كىرگەن بولسا ئىدى، بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك سانىغان بولاتتۇق.»[1] سىياسىي سەۋىيىسى ئېپتىدائىي سەۋىيەگىمۇ يەتمىگەن بۇ ئۇيغۇرلار ئەمدى سىمۋوللۇق بەدىئىي ئەسەرلەرنى سىز ئوبزورچىمىزدەكلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ كىتابىڭىزدا بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئەيىپلەشلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تەسۋىرلەيتى، ئەمما بۇ ماقالىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەنئەتكار قىلىۋېتىپسىز.

يەنە بىر گەپمۇ بەك چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ: «سىنىڭ ‹كىلاسسىك› ئەسەرلىرىڭنى ئاڭلاتمىغاننىڭ ئاچچىقىمۇ بۇ؟» دەپ ھۇجۇم قىپسىز. ياق، سىزنىڭ «كىلاسسىك» ئەسەرلىرىڭىزنى «دىكلىماتسىيە» قىلسۇن (يوقارقى ھىكايىنى «دىكلىماتسىيە» قىلدى دەپتىكەنسىز، مەنمۇ سىز ئۇستازدىن ئۆگىنىپ، شۇنداق دېسەك كېرەك دەپ دەۋاتىمەن)، سىز ئۆزىڭىز بۇ خەلقنى مىللىي روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىسىزغۇ؟ (نەقىلنى ئاۋۇتماي دەپ سۆزلىرىڭىزنىڭ ئۆزىنى ئالمىدىم) مانا شۇ تەربىيەنى مۇشۇ يەردە بەرسىڭىز بولاتتىغۇ؟ خىتاينىڭ ھۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرىدا نەشر قىلىنغان كىتاپنى ئوقۇشقا بۇ قىممەتلىك ۋاقتنى ئىسراپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيتى بارمىدى؟ (سىز دېگەن مېنىڭ ھېلىقى «كىلاسسىك» ئەسەرلىرىمۇ خىتاي ھۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنىپ بولغان، شۇڭا ئۆلچەم ئوخشاش بولغاچقا، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنى ئوقۇمىدى دېگەن تامادا بولمايمەن. بۇنى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىپسىز، ئالىيلىرى). سىز كۆچلۈك قەلىمىڭىز بىلەن، (ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن سىياسەتنى بىلىپ تۇغۇلغان پەۋقۇلئاددە سىياسىيون بولغاندىكىن) خەلقنى مەۋھۇم ئۈمىتلەرگە باغلاپ ئالدايدىغان ئەمەس، ياكى تاشقى ئۈمىدلەرگە ئېسىلدۇرۇپ قويۇدىغان ئەمەس، خەلقنى تەربىيلەيدىغان، ئىچكى ئۈمىد، يەنى مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىش ئارقىلىق تەربىيلىسىڭىز بولاتتىغۇ؟ پەقەت «بىلەمسەن، ھەي ئۇيغۇر! ھەي، بايقۇش! ھەي بەندە! ھەي ماڭقۇرت!...» دېگەندەك ھۆكۈمرانچە پەش قىلىپ ئەمەس، ئۇستازچە تەلەپپۇزدا، كۆيۈنگەن ھالدا بۇنى سىز قىلسىڭىز بولاتتى ئەمەسمۇ.

مەسىلەن: ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش پروگراممىسى بولمىسىمۇ، سىزدەك بىر مەشھۇر ئوبزورچىنى زىيارەت قىلىش شەكلىدە، ھىكايە ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سورىغان شەكىلدە بۇنى قىلغان بولسا، بۇنىڭغا يۆلەپ، ئاشۇ ئۆزىڭىز دېگەن مىللىي روھنى تىرىلدۈرۈشكە دائىر ھەممە مەزمۇننى دېگىلى بولاتتىغۇ؟

رادىئونى تىللاش بويىچە ئالدىڭىزدا مېنىڭ يېپ ئېشەلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىپ، سەمىمىيتىڭىز بىلەن مېنى بەك تەسىرلەندۈردىڭىز. (ئەگەر بۇ ئائىلىۋي... سەۋەپلەردىن بولماي، ھەقىقەتەنمۇ ھەقنى تونۇغان، خاتا قىلغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىزدىن، ئومۇميلىقنى نەزەردە

---

[1] سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ ـــ 1»

تۇتقانلىقىڭىزدىن بولغان بولسا تېخىمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتىشقا تېگىش.) ماڭىمۇ ئاللاھ ئىنساپ بېرەر. ئەمما شۇنىڭغا ئۇلاپلا قۇرۇلتاي داخىل بارلىق تەشكىلاتۇ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق شەخسلەرگىچە تىللاشتىكى چىمپيونلۇقىڭىزنىمۇ دەۋەتكەن بولسىڭىز تېخىمۇ مۇكەممەل بولاتتى. سەممىيىتىڭىزدىن ئىلھاملىنىپ شۇنى دەي، رادىئو ھەققىدە ئاچچىقراق كەتكەن بولىشى تەبىئىي، ئەمما مەنمۇ سىزدەك، رادىئودىن خەلقنى تەربىيىلەشتە پايدىلانغىلى بولۇدۇ، دەپ ئۈمىدلەنگەچكە، ئاغرىنىدىم. كېيىنكى چاغلاردا رادىئوغا كىرگەن شۆھرەت ھوشۇرنىڭ تېمىلىرى ماڭا شۇنى دەلىللەپ بەردىكى، دېمەك قىلاي دېگەن قەتئىي نىيەت بولسىلا، ئىككىمىز رادىئودىن كۈتكەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغىلى بولىدىكەن. دىپلوماتىيە، پالانلارغا پۈتلىشىپمۇ قالمايدىكەن.

***

ئامېرىكا ئازات قىلىپ قويۇش قويماسلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ماقالە سىز كاناداغا كەلگەندە ئېلان قىلىنغىلى ئىككى يىل بولۇپ ئاشقان ئىدى. توردا بار ئىدى. بىراق مۇبارەك دىققىتىڭىزدىن چەتتە قاپتۇ.

ئالدى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئازات قىلىپ قويۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈشلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈمىد كۈتۈشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا سىز بار ئىدىڭىز. ئەمما مەندە بۇنداق بىر ئۈمىد بولۇپ باقمىدى (بەلكىم مېنى تۈركىيەدىن ئۈمىد كۈتكۈچى دەپ تونۇپ قېلىپ، ئۇيغۇردىن ئۆچۈرۈپ تۈرك قىلىۋەتكەن بولىشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزگە 1998 ـ يىلىدىكى كىتابىم «ئەينەك» تىن «بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا پاناھىمىز يوق» دېگەن ماقالەمنى تەكرار ھاۋالە قىلىمەن، كۆز قارىشىمنىڭ ئىزچىللىقى بۇگۈنمۇ شۇ. ئۇنىڭدا يەنە: «چەتنىڭ ياردىمىنى چەتكە قاقمايمىز، بىراق ھەممە ئۈمىدنى ئۇنىڭغا باغلىۋېلىش خاتا» دېگەن مەزمۇنلار بار). ياردەم تاماسىدا بولغان بولسامۇ، ئازات قىلىپ قويۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىدىم. چۈنكى سىياسەتنى بىلمىسەممۇ، بۇنداق ئاددىي ئىش بولمايدۇغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ ھەقتە يوقۇرىدا بىر ئاز توختالغىنىم يادىمدا، شۇ يېتەر.

ئەمدى پەقەت، ئامېرىكىنىڭ ئازات قىلىپ قويۇشى مەسىلىسىدە پىكرىمنى قوياي. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتسام، بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ قارىشىم ھامان: ئۆز خەلقىمىز شوتا ئات بولالىسا، ئاندىن باشقىلار ياندىق بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەقلىتتە. (ۋە بۇ ياندىق بولۇش تېپىدىكى ياردەممۇ ئىنسانپەرۋەرلىكتىن، تۇققانچىلىقتىن ئەمەس، ياردەم قىلغۇچىنىڭ مەلۇم مۇددىئاسىنىڭ تەقەززاسىدىن بولۇدۇ.) ئامېرىكا ئازات قىلىدۇ دېگىنىڭىزگە مېنىڭ «ئىشىك ئالدىمدىكى قاپاق تېرەك ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان، قازىنىم توختاپ قالىدىغان» ئىش ئەمەس، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى بۇنداق تاشقى ئامىللارغا باغلاپلا قويسىڭىز، خۇددى ئىلگىرى سىز ھەممىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېيىن قېيداپ كەتكەندەك ھال يۈز بېرىدۇ. شۇڭا بۇنى بۇنداق خەقنىڭ قولىغا باغلاپ قويۇدۇغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ ھەم تېخى بۇنى بىردىن بىر توغرا يول دەۋالمىساق، بىر «يەككە لېنىيەلىك داۋا» قىلىپ قويمىساق دېمەكچىمەن.

«(رابىيە قادىر) تۈركىيە بىرنېمە دەيدۇ، ئەرەبىستان بىر نېمە دەيدۇ، دەيدىغان ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ چاكىنا قاراشلىرىنى ئويلاۋاتاتتى... ئۇ روھىي دۇنياسىدا ‹ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ، ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ تەقدىرى

توغرىسىدا ئۆزى بىر نېمە دېمىگۈچە ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيدۇ› دەۋاتاتتى.»[1] مانا بۇ قارىشىڭىز جايىدا. نېمىشكە شۇنىڭدا چىڭ تۇرمايسىز؟ «جانمۇ-جان ئۆزنىڭ جېنى، كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى» دېگەن بۇ كونىلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى رابىيە قادىرنىڭ خىيالىدىن شۇنداق جايىدا بەرگەنسىز. ئەمما، ئەمدى....

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ بىزنى ئازات قىلىپ قويىشى ئۈچۈن ئامېرىكا خىتاي بىلەن ئۇچۇق دۈشمەنلىشىدىغان ۋەزىيەتكە كېلىشى كېرەك. خىتاي بىلەن ياخشى - خوپ بولۇپ تۇرۇپ، ھەتتا نورمال مۇناسىۋەت ساقلاپ تۇرۇپ سىز تاما قىلغان ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ!

ئۇنداق بولسا، ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋتى قانداق؟ ھازىر ياكى يېقىن كەلگۈسىدە دۈشمەنلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟ يوق! مەن بۇنى دەل سىز چوقۇنۇدىغان ئامېرىكىنىڭ بىر مەشھۇر سىياسىيونى تىلىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئىزاھلاشقا تىرىشقان ئىدىم. ئەمما مۇبارەك دىققىتىڭىزدىن سىرتتا قالغاندەك تۇرىدۇ. توغرا، زبىگنىۋ برىزىنسكىي سىز قەدەر سىياسەت بىلمەيدۇ، ئەمما ھەرھالدا سابىق رەئىسجۇمھۇر جىممى كاتېرغا سىياسەت مەسلىھەتچىسى بولغان، دۇنيادىكى داڭلىق سىياسەت مۇلاھىزىچىسىدىن بىرى دېگەن نامى بار پروففىسسور.

يەنە مۇنداق دەيلى، ئامېرىكىغا تايىنىشنىڭ نەتىجە بېرىشى ئۈچۈن ئىككى يول بار: بىرى ئامېرىكىنىڭ جانجان مەنپەئەتى خىتاينىڭ مەنپەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ، بۇ ئىش سىياسىي يول بىلەن ھەل بولمىغۇدەك بولسا، ئامېرىكا خىتاينى پارچىلاشقا بەل باغلىشى مۇمكىن. بۇ قانچىلىك ئۇزاقتا؟ بىر نېمە دېيىش تەس. ئىككىنچى يول سىدىقھاجىدەك ئەللامە سىياسەتچىلەر ئۇستۇلۇق ئىشلىتىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كەسكىن زىددىيىتىنى سۈنئىي بارلىققا كەلتۈرۈش (كۆتۈپ تۇرماسلىق). يەھۇدىي تىرىلىش ھەركىتىدە دۆلەتلەر مانا شۇنداق ئوينۇتۇلغان. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا دۆلەتلەرنى ئاررۇمىزغا ئۇيغۇن ئوينۇتالىغۇدەك كۈچىمىز يوقكەن، باشقىلار بىزنى ئوينايدۇ.

يەنە بىر تەرىپى، توقۇنۇش سىياسىي يول بىلەن ھەل بولۇدۇغانلا ئېھتىماللىق بولسا، ئامېرىكا بۇنداق قارشىلىششىنى قىلمايدۇ. ئەكسىچە مانا شۇنداق چاغدا ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلغىنىدەك، خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن، بويىمىز ئۆسۈپ، رەڭگى - روھىمىزغا قان يۈگرەپ قالغان ھالدا بولساقمۇ، ئاشۇ دىپلوماتىك سودىسى ئۈچۈن ئىشلىتىۋېتىدۇ. (بىزنىڭ ھازىرقى بېقىلىشىمىز ئاشۇنداق بىر سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن.) ئەمما ھازىرقى بوي - تۇرقىمىز ئۇنچىلىك سودىلارغا كوزىر قىلغۇدەك ھالدىمۇ ئەمەس.

مانا شۇنداق بەلگىسىز بىر مۇددەتكىچە كۈتۈشتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ يولنىلا بىردىن بىر يول دەپ، باشقا ئىزدىنىشلەردە بولماسلىقلا مېنى ئەنسىرىتىدۇ. ئەگەر، بىر دۆلەتنىڭ بىزنى كوزىر قىلىپ ئىشلىتىپ تاشلىۋېتىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭغا قورال بولۇپ بەرسەك بولامدۇ؟ مېنىڭچە بولۇدۇ. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاۋىنى سوۋېت ئۆز مەنپەتىگە قوللاندى، ئۆز ئىشى پۈتكەندىن كېيىنلا بىزنى خىتايغا سوغا قىلدى. يۈزمىڭلاپ شېھىت بەردۇق. ئەمما بۇنىڭ تارىخىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن مەنىۋي قىممىتى بولدى، بولۇۋاتىدۇ. قان بىر قېتىم ئۇرغۇغان ۋە بۇنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە قەلبلەردە قالدى. ئاشۇنداق بىر ئەمەلىي قوللۇنۇلىدىغان كوزىر بولۇشمۇ ياخشى، بىر قېتىم قەھرىمانلىق روھىمىز ئەسلىگە

---

[1] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ ـــ 1»

كېلىشى، خىتايغا قارشى نەپرىتىمىز يالقۇنلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇزاققىچە ئەمەلىي قوللۇنۇلمايدىغان «ئۇيغۇدىكى» كوزىر بولۇپ قالساق، بۇ پايدىسىز. «ئۇيغۇدىكى كوزىر» نورمالدا ئۇلۇك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىسىدا بىر ۋەزىيەتتە تۇتۇلىدۇ. كىچىكلەپ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكنىڭ ئۈچۈن ئازراق «دېمىدە سويى» تېمىتىپ قويىدۇ، جانلىنىپ تىرىلەي دېسەڭ، چەكلەپ قويىدۇ. تارىختىن تۈركىيەدىكى ئەھۋالمۇ ئەنە شۇنداق بولدى: تۈركىيەنىڭ ئۆزىگە لازىمى بولغاندا دەرھال بىراز «گاز بېسىپ» قويدى، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيىسىگە تەسىر يېتىدۇ، دەپ چەكلىدى. بۇ ھەرگىزمۇ تۈركىيەنىڭ ئىنساپسىزلىقى، ئامېرىكىنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغلىقى مەنىسى بەرمەيدۇ. ھەرقانداق دۆلەت بىر ئورتاق پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھىسسىياتقا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، «ئىشلىتىشنى كۈتىۋاتقان ئۇيغۇدىكى كوزىر» بولۇپ ئۇزاق يېتىپ قالىدىغان ئىش بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئەلۋەتتە بىزنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ: پالانچىكام قىلىپ بېرىدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزىمىزنى بەزلەپ قالىمىز.

ئاندىن بۇنداق ئازات قىلىپ قويۇشلارغا بىرمۇنچە مىساللارنى بېرىپسىز، ئەمما بۇ مېنى ھېچ قايىل قىلالمىدى. باشقىلارنىمۇ قايىل قىلالمىسا كېرەك. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيانى كىم ئازات قىلىپ قويدى؟ دەپ ياخشى سوراپسىز. سىياسەتنى بىلگەچكە مانا شۇنداق سورالايسىز ـ دە. شەرتلەر پەرقلىق: غەرپنىڭ ئىرچىل رىقابەتچىسى بولغان سوۋېتنى پارچىلاش ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا كۆيۈنۈپ ئەمەس؛ ئىككىنچى، ئۇلار ئەسلىدىنلا فىدراتسىيە ئىدى؛ ئۈچىنچى، سوۋېت ئافغانىستان ئۇرۇشىدىكى يېڭىلىشتا ئىقتىسادى چۆككەنلىكتىن بۇ يېڭى ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. سىز كىتابىڭىزدا بۇ ھەقتىكى مۇستەملىكىچى شەرتلىرىنى ياخشى سېلىشتۇرۇپسىز:

«خىتاي ۋەھشىي مىللەت، دىنسىز، ئەخلاقسىز مىللەت.

«خىتاي، ئىگىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن لالما ئىتقا ئوخشايدىغان مىللەتتۇر.

«رەھىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك، رودۇپايلىق، خىتاينىڭ ئەخلاق ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى بەلگىلىگەن بىردىن بىر سۈپەتتۇر.»[1]

بۇنىڭ قارشىسىدا رۇسلار ھەققىدە ئۇلارنىڭ مەرتلىك تۇيغۇسىغا ئىگە، مەدەنىيەتلىك، ياۋروپا مىللىتى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئاپسىز. بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

بىزنىڭ شەرتلىرىمىز ئوخشاشمۇ؟

بۇ خۇددى خانىمىڭىزنى (گەرچە قانۇنەن خىتاي پۇخراسى بولسىمۇ) ئايروپىلان بىلەن ئاپىرىپ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ھۇسەيىنجان جېلىلنى (گەرچە كانادا پۇخراسى بولسىمۇ) ئۆزبەكىستاندىن تۇتۇپ كەتكەندەكلا بىر ئىش.

ئافغانىستانغا ياردەم مەسىلىسى. ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەقەززاسىدىن ياردەم بەردى. رۇسىيەنىڭ ئىسسىق دېڭىزغا چىقىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشسا، ئامېرىكىنىڭ نېفىت ئامبىرى (ئوتتۇرا شەرق) تەھدىتكە ئۇچرايتى، ۋاھاكازا... ئافغانىستانغا خىتايلارمۇ ياردەم بەردىغۇ؟ خەۋىرىڭىز باردۇر؟

[1] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ــ1»

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار بېسىۋالغان دۆلەتلەرنى ئازات قىلغانلىقى ئېخىمۇ كۆلكىلىك. ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى تازىلاشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا غەلىبىسى ئۆزۈلكىسىل غەلبە بولمايتى. ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ياۋروپادا يەنە كونتروللۇق ساقلىدى. تاكى بۈگۈنگىچە ياۋروپا مانا شۇ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كونتروللۇق ئىچىدە...

مەيلى كونتروللۇق ئاستىدىكى بولسۇن ھەتتا بېقىندى دۆلەت بولسۇن، خىتايدىن باشقا ھەرقانداق يىرتقۇچ بولغاندىمۇ ئۇنى قارشى ئالمىز دېسەكمۇ، ئۇ ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتنى، ئۇرۇش ھالىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۇچ - چېكى يوق كۆتۈش دېمەكتۇر.

ئەمدى داۋاننىڭ خاراكتېرى، تېبەتكە سېلىشتۇرۇشلار،... ھەققىدە ئازراق توختۇلاي.

كىتابىڭىزدا:«ئۇ تۈرككە بەقەسەم كىيدۈرۈپ، بۇ تۈرككە دوپپا كىيدۈرۈپ زامان - زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، ئېرىشكەن نەتىجە نېمە؟» دەپسىز. ھەقىقەتەنمۇ توغرا. ئىسا يۈسۈپ ئۇيچۇنلا دېسىڭىز بۇ بەك ئادالەتسىزلىك بولارمۇ، قانداق؟ ئۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنگە، «دوپپا تەقدىم قىلغان»غا ئىش پۈتۈدىغان بولسا، بىزنىڭكىسى پۈتمىگەندىمۇ، دالاينىڭ «خادا تەقدىم قىلىشى»بىلەن ئىشى پۈتكەن بولاتتى. بەلكىم سىز بۇنى تۈركىيەدە بولۇپ كەلگەن داۋانى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسۈتۈش ئۇيچۇنلا قوللاندىڭىز. چۈنكى بۇ كىتاپنى يازغاندا ئۆزىڭىزنىڭمۇ بىركۈنلىرى كېلىپ، ئىسانىڭ يولىغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزنى ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدىڭىز. بەلكىم ئەمدى ئۆزىڭىز قاتنىشىۋاتقان «دوپپا تەقدىم قىلىش» تىپىدىكى داۋا ھەركىتىنى تارىختىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيەگە يەتتى، دەپ، ئىسانىڭكىدىن پەرقلىق كۆرسىتىشكە تىرىشىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىز ئىسانىڭ قانچە پادىشا، قانچە جۇمھۇرەئىسلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ب م ت 50- يىللاردىلا ئىككى قېتىم چاقىرتقان. ئۇ چاغدىكى «دوپپا تەقدىم قىلىش» تىپىدىكى داۋا ھەركىتى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، سەئۇدى ئەرەبىستان مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئىسانى جىددىدىن رىيادقا ئەكەلگەن؛ مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەرگەن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ چاغدىكى خىتاي بۈگۈنكىدىن كۆپ ئاجىز ئىدى.

بەلكىم: «ئۇلار كارغا كەلمەيدىغان تۈركلەر ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ‹دوپپا كەيدۈرگەن›، بىز غەرپلىككە كەيدۈرىۋاتىمىز (مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھامبۇرگ دوكتورلۇقى مۇستەسنا) غەرپلىكلەر دوپپىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ ياكى ئۇلار كۈچلۈك، (بەلكىم ئۇلار ئىنساپلىقراق) »، دېمەكچى بولارسىز. ئەمما، ياق، ئەپەندىم. پايدىسى بولسا ئوخشاش بولىدۇ. بولمىسىمۇ ئوخشاشلا بولمايدۇ. يەنى تۈركىيەدىكى «دوپپا تەقدىم قىلىش»لار داۋانى تۈركىيەدە تونۇتتى. سىزنىڭ غەرپلىكلەرگە «دوپپا تەقدىم قىلىش»ىڭىز، غەرپلىككە تونۇتۇدۇ. تۈركىيەگە تونۇلغاننىڭ پايدىسى نېمە بولدى؟ بەلكىم ھېچنېمە ياكى بەك ئاز. ئۇ ھالدا سىزنىڭكىسىمۇ ھېچنېمە ياكى بەك ئاز بولىدۇ. پەرق بولسا پەقەت شۇنچىلىك پەرق بولۇشى مۇمكىن: چۈپەيراق بايغا مالاي بولسا يۈندىسى سۇيۇقراق چىقىدۇ؛ توشقان بايغا مالاي بولسا يۈندىسى قويۇقراق چىقىدۇ. بەلكىم دەيسىز: «غەپلىكلەر قانۇن ماقۇللايدۇ». توغرا، غەرپلىكلەر بولۇپمۇ ئامېرىكا ماقۇللايدۇ. ئەمما بۇنىڭ خىتايغا بىر تەسىرى بولارمۇ؟ تىبەت ئۇيچۇن نۇرغۇن قانۇن ماقۇللاندى، ئەمما خىتاي بۇ قانۇنلارنى ئىزچىل تۈردە «ياق»لاپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھەققىمىزدىكى قانۇنلارغىمۇ شۇنچىلىك پىسەنت قىلىدۇ.

«دوپپا تەقدىم قىلىش» تۈردىكى ــ ئىچىنى ئاغرىتىش، ھىسسىداشلىق قوزغاش قارىشىڭىزنى رەت قىلمايمەن، ئەمما پۈتۈنلەي قوشۇلۇپمۇ كەتمەيمەن. چۈنكى بۇنىڭدا ئۇسۇل ۋە ساپا مەسىلىسى مەۋجۇت. كىتابىڭىزدا شۇنداق جۈملىلەرنى كۆردۈم:

« سەن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر (مۇستەقىللىق ياكى ئاپتونومىيە) سەندىن، مەندىن قان تەلەپ قىلىدۇ، قان! تەييارلىقىڭ بارمۇ، يوقمۇ، تىلەمچى ئەپەندى؟

ھوقۇق تىلىگەنگە بېرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، قاراپ تۇرغانغا تەقدىم قىلىنىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ھوقۇق كۈچ ئىشلىتىپ تارتىپ ئالىدىغان ۋە تىلەمچىلىك قىلىپ ئەمەس، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېرىشىدىغان نەرسىدۇر.»[1] بۇنىڭدىكى «تىلەمچى» دەپ سۈپەتلىشىڭىزدىن ئىلھام ئېلىپ، بۇنى تىلەمچىلىكتىكى مېتود بويىچە كۆرسىتىشنى لايىق تاپتىم؛

تىلەمچىلەر پۇل تىلىگەندىمۇ ئوخشاشلا ھىسسىداشلىق قوزغاشقا تىرىشىدۇ. ھىسسىداشلىق قوزغايمەن دەپ بەك جۇلدۇر-كېپەن، بەك «كۆك پوتلا» بولۇپ كەتسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھىسسىداشلىقى قوزغۇلۇدۇ- يۇ، ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئىككى تىيىننى سىلكىشلەپ تۇرۇپ بېرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا مەملىكىتىمىزدە بىر تۈرلۈك مەدەنىي دىۋانىلار پەيدا بولغان ئىدى (بەلكىم ئۇلارمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارسا كېرەك)، بىر ياخشى كېيىنگەن كىشى تارتىنغان كەيپىيات بىلەن، پاراڭلىشىپ تۇرغان بىر توپ ياشنىڭ يېنىغا كېلەتتى: «ئۈرۈمچىگە كېسەل ئەكەلگەنتىم، كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۇزۇراپ كېتىپ، پۇلىمىز تۈگەپ كەتتى، ئەمدى كېتەلى دېسەك ئاپتوۋۇزغا پۇل يوق،... بىزغۇ بۇنداق ئادەم ئەمەستۇق،... ئادەم شۇ،... بەك خىجىل بولىدىكەن، ئىش تېپىشىپ بەرسەڭلار كىراغا چۈشلۈق ئىشلىسەممۇ بولۇدۇ، بولمىسا ئازراق ياردەم قىلغان بولساڭلار...» ھېچكىم ئۇنى تىلەمچى كۆرمەستىن، ھېلىقى جۇلدۇر - كېپەنگە دوقۇسلۇتۇپ تۇرۇپ ئىككى تىيىن بەرگەنلەر ماۋۇنىڭغا ئەڭ ئاز ئەللىك تىيىندىن، ئىككى سومغىچە پۇل بېرىشەتتى.

ئەمدى ئەمەلىيەتكە قايتساق: تىبەتلىكلەرگە مىليونلاپ پۇل بېرىلىدۇ (نۇرغۇن مەنبەلەردىن)، ئەمما سىزلەر 200 مىڭ دوللار بىلەن خۇش بولۇپ كېتىپ، قولۇڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئاغا باشلايسىلەر (ناماز ئوقۇمىغان بىلەن، مۇسۇلمان بولغاچقا). مانا بۇ سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرۈنۈۋاتىدۇكى، تىلەمچىلىك ئۈچۈنمۇ ساپا مەسىلىسى مەۋجۇت. كىچىك بالىغا بالىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ داموللىغا «خوش تەخسىر» دەپ تۇرۇلۇدۇ. خەلقارا مۇناسىۋەتلەر ئەمەلىيەتتە شەخسلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى.

ساپانى ئۆستۈرۈش ــ مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بىر خىزمەت بارمۇ؟ يەنى ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلغان بىر خىزمەت بارمۇ؟ يوق! بۇ پەقەت ئۇنىڭ- بۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، «دوپپا تەقدىم قىلىپ» ھەل قىلغىلى بولىدىغان، ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەر قىلىنمىسىمۇ بولۇدىغان بىر ئىش، شۇنداقمۇ ئەپەندىم؟

ئېتىۋارغا ئېرىشىش (توغرىسى چەتئەللىكلەرنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىش) ئۈچۈنمۇ ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلغان سەپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى بولسا، ئويغاق خەلق ئىكەنلىكىمىزنى، ئازاتلىققا تەشنا ۋە ئۇنى چۈشەنگۈچىلىكىمىز بار مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپات قىلالىساق، (ئەگەر ھەر يىلى قەشقەر ــ سەمەن ۋەقەسىدەك ۋەقەدىن تۆرت قېتىم بولۇپ تۇرسا) ئېتىبارىمىزمۇ ئاشىدۇ، دۆلەتلەر دىققەت قىلىشقا ،

[1] سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ ــ 1»

چوڭراق قىممەت بېرىشكە باشلايدۇ ، كوزىر قىلىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرى يېقىنلىشىدۇ. بىزنى تېخىمۇ كۆزىگە ئىلىدۇ، هازىرقىدەك ئاز پۇل بىلەن گولداشقا يۈزى چىدىمايدۇ، لېدىرلىرىمىزنىڭمۇ مائاشى ئۆسۈدۇ. رابىيە خانىممۇ «قاتتىق ناننى سومكىغا سېلىپ» ئىشقا ماڭمايدۇ.

بۇ ئىدىيىۋىي سەپەرۋەرلىك (ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى — مۇستەقىللىق ئېڭى، دۈشمەنگە قارشى نەپرەت، قىسقىسى ئىدىئولوگىيىلىك تەربىيە) تەدرىجىي هالدا ۋەتەن ئىچىگە كېڭەيتىلىشى، ئاندىن دۈشمەننى بىئارام قىلىدىغان ئەمەلىي زەربە بېرىش هەركەتلىرى تەشكىللىنىشى كېرەك. بۇنداق بىر ۋەزىيەتكە كەلگەندە بىزگە ياردەم بېرىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بىز كىشىلەردە (چەتئەللىكلەردە) ئىشەنچ تۇغدۇرالىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتا قەشقەر سەمەن ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن روشەن ئىسپاتقا ئېرىشتى. چەتئەللىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كارغا يارايدىغانلىقىنى كۆرگەنلىرىدە سۆيۈنۈپ، تەبرىكلىدى. پەقەت، ئۆزىمىزنىڭ تېنچلىقچىلىرى «ناهايىتى قايغۇرغانلىقى»نى ئېيتىپ لاتا چاينىدى! ئەسلىدە بۇنداق ئەهۋاللار كۆپ بولغانسېرى تېنچلىق بىلەن داۋا قىلىدىغانلارنىڭ تىلى ئۇزۇراپ، يۈزى يورۇق هالدا تېخىمۇ دادىل، تېخىمۇ جانلىق سۆزلىيەلەيدىغان بولاتتى. ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان بىر خەلقنىڭ ۋەكىلى بولۇش هەم مەسخىرىلىك هەم نەتىجىسى تۆۋەن. بۇ سەۋەپتىن ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلىدىغان خىزمەت بىرىنچى ئورۇنغا چىقىشى، «دوپپا تەقدىم قىلىش، تون كەيدۈرۈش»لەر قوشۇمچە بولۇشى كېرەك. يەنى، ئەگەر ۋەتەن ئىچىدە قان تۆكۈدىغانلار بولمىسا، «ئۆگزىگە چىقىۋالسا ئىتتىن قورقماي» جار سالىدىغانلارنىڭ ئاۋازى پەسلىداپ قالىدۇ. مەسىلەن: 1926 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئىسانىڭ تېنچلىق ئۇسۇلى قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى، 1990 - يىلىدىكى بارىندا ئاققان قانلار نەچچە قاتلىۋەتكەن، دۇنيا بىردىنلا ئۇيغۇرنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدى.

شۇغۇنىسى خەلققە خىزمەت بېرىش بىلەن «چەتئەللىكلەرگە دوپپا تەقدىم قىلىش»نىڭ بەك زور بىر پەرقى بار: بىرى سىلىق، ئاسان مەشھۇر بولغىلى بولۇدۇغان، هەر كۈنى خەۋەرلەردىن ئورۇن ئالىدىغان بىر ئىش؛ يەنە بىرى ئۇزاققىچە ياكى هېچ نامى چىقمايدىغان، ئەكسىچە دەشنام يەيدىغان، دۈشمەنلىككە قالىدىغان جاپالىق يول. بۇنىڭ ئۈچۈن خالىس پىداكارلىق بولمىسا، شەخسىي نام- ئاتاق، شۆهرەت تاماللىرى بىلەن كۆزى توسۇلۇپ قالغان هالدا بۇ خىزمەتنى قىلغىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بىرىنچى كۈنتەرتىپ، خەلققە قارىتىلغان خىزمەت بولۇش، دۈشمەنگە قارشى هەركەت بولۇش، قوشۇمچە تاشقى تونۇتۇش پائالىيىتى (سىدىقهاجى تىلى بىلەن «دوپپا كەيدۈرۈش») بولۇش، ئەمما بۇنى هازىرقىدەك چۈۋالچاق، ئىپتىدائىي سەۋىيەدە ئەمەس، سىستېمىلىق، پىلانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىپ، چەتئەللىكلەردە «دۆلەتچىلىك ئېڭىغا ئىگە مىللەت» باهاسى تۇغدۇرۇش كېرەك. باشقا دۆلەتلەر هېچقاچان ئىچ ئاغرىتىش، هېسسىداشلىق تۈپەيلى ياردەم بەرمەيدۇ. شۇڭا بەك ئەقىللىقچە «هېسسىداشلىق قوزغاش مېتودلىرى»نى تېپىپ چىققانىڭمۇ پايدىسى يوق. ئۇلارنىڭ كۆزىگە قوللۇنۇشقا بولۇدىغان كۈچلۈك كوزىر بولۇپ كۆرۈنگەنسېرى، ئۇلار بىزگە چوڭراق قىممەت بېرىدۇ. قانچە تېنچلىقچى، بىچارە كۆرۈنگەنسېرى كۈرسىمىز تۆۋەنلەپ، پىچكا ئورنىدىمۇ كۆرمەيدىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالىمىز.

خەلقنى تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا ئەللامە سىدىقهاجى روزى مەن بىلەن ئوخشاش قاراشتا:

«...ئادەمگە خاس بولغان سالاھىيەتنى بىلىش جەريانىدا ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

«ئىنقىلاپ سوبيېكتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، مىللىي ئويغۇنۇش، ئىنقىلاپنى باشلاشتا ۋە ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە ئىنتايىن موھىم ئامىلدۇر.»[1]

تەبىئىيكى بۇ پىشىپ يېتىلىش ئۆزلۈكىدىن بولمايدۇ. يېتەكلەش، تەشكىللەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

***

مەندىن يول سوراۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە، مېنى «ياردا قىستاپ» «ۋاللەي» دېگۈزىۋەتمەكچى بولغاندەك رىتورىك سوئاللارنى ياغدۇرىۋېتىپسىز؟ مەن كىمدىن سوراي، ئۇستاز؟ مەن بىر شەخس، سىز بىر تەشكىلات — يېرىم ئەسىرلىك داۋانىڭ بۇگۈنكى ۋارىسى. مەن ئىزدىنىۋاتىمەن، ئەمما سىز (كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ) ئىجرائات يولىدا. پەرقىمىز بۇنداق ئىكەن مەن سىزدىن سوراي:

— يېرىم ئەسىرلىك دەۋا قايسى ئىدىيىۋي سىستېمىغا ئاساسلاندى؟ بىرەر نەزەرىيىۋي ئاساسىڭلار بارمۇ؟ ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن تەلەپپۇز ئورتاقلىقىڭلار بارمۇ؟ ياكى ھەر بىر قۇرۇلتايچى ئەگەر مۇخبىر تەرىپىدىن سورالسا، ئوخشاش سوئالغا ئون ئالتە خىل جاۋاپ بېرىپ پارتىزانچە كېتىۋاتامسىلەر؟ مەسىلەن: دۆلەتنىڭ ئىسمى بىرلىككە كەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، مانا ئەمدى ئاپتونومىيەچىلىكنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن «شىنجاڭ» دېيىش كېرەك بولۇدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسىم بىلەن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. (نېمىلەردە تەلەپپۇز بىرلىكى بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە «مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىمىزنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق ماقالەمدە توختالدىم. بۇ ماقالە ھازىر توردا، نۆۋەتتىكى كىتابىمغا كىرگۈزۈلۈدۇ.)

مەن بىر يەكىكە ئىزدەنگۈچى سۈپىتىدە، يىپ ئۇچى بېرىشىم، مەسلىھەت بېرىشىم ياكى سىزدەك تەپەككۇر ئىگىلىرىگە پىكىر ئويغاتقۇچى سەۋەپچى بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭچە يازغانلىرىمدا بۇنداق دېتاللار بار. ئۇنى كۆرمىگەن، ھىس قىلمىغان بولسىڭىز نېمە دېگۈلۈك؟ پۈتۈنسۈرۈك د ۋۇۋۇ نىيااااا ئويغۇر قۇرۇلتىيى تۇرۇپ. سىز يولىڭىزنى تاپالمىغان بولسىڭىز ياكى «دوپپا كەيدۈرۈش» پائالىيىتىنى بىردىن بىر يول دەپ ئويلاۋاتقان بولسىڭىز، شەخس سۈپىتىدە مېنىڭ قولۇمدىن چوڭ ئىش كەلمىسە ئاغرىنالمايسىز. ئەمما سىز بىر تەشكىلاتقا تەۋە، ئۆلارنىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتىسىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن. بىر تەشكىلات سۈپىتىدە ئىزچىل داۋام قىلىدىغان بىر نەزىرىيىۋي ئاساس بولمىسا، بۇنداق بىر قۇرۇلمىنى ئۇيۇشتۇرالمىغان بولساڭلار، دېمەك، مەڭگۈ «بىرناننى بەلگە تۈگۈپلا ئۇۋغا چىققان»دەك كېتىۋېرەمسىلەر؟

مەن سىزدىن سوراي: بۇ كىمنىڭ داۋاسى؟ ئۇيغۇرنىڭ. داۋانى كىملەر بىلەن قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇش ياكى چىڭلار بىلەنمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستان (ياكى Oyghoristan) خەلقى بىلەنمۇ؟ بۇش بىلەن قىلىدىغان بولسىڭىز بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلىمەن. ئەگەر بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ خەلقى بىلەن قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ خەلققە قارىتىلغان خىزمىتىڭىز نېمە؟ بۇ داۋادا خەلق قايسى مەۋقەدە؟ كەينىڭىزگە ئەگەشكەن قانچە ئۇيغۇر بار؟ پەقەت ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان مۇھىتنىلا مىسال قىلساق، قانچە ئۇيغۇر سىزنى بىر رەھبەر

[1] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟»

سۈپىتىدە كۆرىدۇ؟ ئەگەر جاۋاپ نېگاتىپ بولسا، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى خەلققە قارىتىلغان ھېچقانداق خىزمەت يوق. خەلقنىڭ ئىئانە توپلىغان چاغدىن باشقا چاغدا گويا داۋاغا مۇناسىۋىتى يوق! بىرنەچچە ئادەم بىلەنلا داۋانى باشقا ئېلىپ چىقماقچىمۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىنى سەپەرۋەر قىلماي، زور كۆپچۈلۈكنى قولغا كەلتۈرمەي، زور كۆپچىلىكنى ئويغاتماي تۇرۇپ كىم بىلەن پۈتكۈزمەكچى سىز؟ بىر تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي خىزمەت فونكسىيىسى نېمە بولۇشى كېرەك؟ تەشۋىقات! تەشۋىقات! تەشۋىقات! پەقەت تەشۋىقات ئارقىلىقلا خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگىلى، مىللىي ھېس ئويغاتقىلى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئويغاتقىلى، دۈشمەنگە قارشى نەپرەت ئويغاتقىلى، بۇ يولدا جان پىدا قىلىدىغان پىدائىيلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

سىز شىركەت قۇرسىڭىز بۇنى پۇلى بار بىرنەچچە ئادەمدىن قۇرسىڭىز بولىدۇ؛ ئۆزىڭىزلا قۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئاندىن باشقا كېرەك خادىملارنى مائاش بېرىپ ئىشلەتسىڭىزلا ئىشىڭىز يۈرۈشۈۋېرىدۇ. ئەمما قىلىۋاتقىنىڭىز سىياسىي ئىش. سىياسىي مەخسىدى بولغان ھەرقانداق پارتىيە - گورۇھ — تەشكىلات كۆپ سانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇنغا تەشۋىقاتنى قويىدۇ. ئەمما سىزلەردە بۇنداق بىر ئىش بولۇپ باقتىمۇ؟

مېنىڭچە سىلەر تېخى قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيسىلەر. (كەچۈرۈڭ، سىز بىلىسىز، تېخى باشقىلارغا بۇنى دېيىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.) چۈنكى شۇ سۆزلىرىڭىز دىققىتىمنى تارتتى: «ھازىر ئۇيغۇرلار ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەت، تولۇق مەنىدىكى ئىنقىلاب پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى پەقەت دېموكراتىك ئەللەردە دۇنيانىڭ مىزانلىرى، نىزامنامىلىرىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى...» بۇ جۈملىلىرىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دىققىتىمنى تارتتىكى، بىز نېمىش قىلساق بولىدۇ- يۇ، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى بىلىپ قىلمىساق، يەنى توغرا سىنىپلاندۇرمىساق بولمايدۇ. مەن بۇ ھەقتە بىر ئاز ئىزدەنگەن ۋە سىزگە يېقىن كېلىدىغان خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. بۇنى بەزى بۇرادەرلەر بىلەن دېيىشىپ، ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتۈدىغانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولغان ئىدىم. ئەمدى سىزنىڭ بۇ قۇرلىرىڭىز مېنى سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتىكى ماقالەم نۆۋەتتىكى كىتاپتا، توردىمۇ بار. ئومۇمەن مەھكۇم مىللەتلەر چەتئەللەردە ئېلىپ بارىدىغان ياكى ئېلىپ بېرىشى كېرەك بولغان پائالىيەت ئۈچ تۈرلۈك بولۇشى مۇمكىن: داۋاسىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى خەلقاراغا تونۇتۇش پائالىيىتى؛ يەنە بىرى، ئازاتلىق ھەركىتى (باشلىنىشى: ئىدىيىۋىي سەپەرۋەرلىك، سىياسىي تەربىيە، مىللىي كىملىك، مىللىي روھ تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك،... قاتارلىق ئۆز خەلقىگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقات، تەربىيىلەش، تەشكىللەش قاتارلىق مەزمۇندا بولىشى مۇمكىن ۋە بۇنى چەتئەللەردە قىلغىلى بولىدۇ)؛ ئۈچىنچىسى، مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش پائالىيەتلىرى. تەپسىلاتىنى بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن.

سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن كۆرۈلۈدۇكى، ھازىرقىسى، تونۇتۇش پائالىيىتى. ئەمدى مېنىڭ رەنجىشلىرىم ۋە سىزدەك ئۇستازلارنى رەنجىتىشىمنىڭ سەۋەبى ئېنىقلىنىدۇ: مۇشۇ بىرلا سەپ بىلەن چەكلىنىپ قالساق چاتاق چىقىپ قالىدۇ، يەنى، پەقەت تونۇتۇش پائالىيىتىلا بولۇپ، ئازاتلىق ھەركىتى (چەتئەللەردە ھازىر ئۈچۈن ئىدىيىۋىي سەپەرۋەرلىك — تەشۋىقات) بولمىسا زادى بولمايدۇ. ئىككىنچىسىنى تېخىمۇ موھىم ئورۇنغا قويساق بولاتتى، دېگەندىن ئىبارەت.

مېنىڭ جۈملىلىرىمنى «دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق جەزمەنكى تۈيۈق يولدۇر» شەكلىدە نەقىل قىلىپ، ئوبزورچىلىق شەنىڭىزگە سەتچىلىك قىپسىز. بۇ ئەسلىدە: داۋانى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش تۈيۈق يول دېگەن مەنىدىدىغۇ دەيمەن؟ تەكرار قاراپ باقارسىز.

يەنە بىرمۇنچە «رېتۈرىك» سوئاللار سورالغان. بەختكە قارشى، بۇلار رېتۈرىك سوئال بولمىغاچقا جاۋاپنى تەقەززا قىلاتتى. ئەپتىدىن شۇنداق بىلىنىپ تۇرىدۇ. سىدىقھاجى روزى بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ سوئال - جاۋاپ قىلىشىۋاتقان بولساققۇ مەن بىرىنېمىلەرنى دەر ئىدىم، ئەمما ئۇنداق بولمىغاچقا بۇ سوئاللارغا مۇئەللىپ ئۆزى ئېنىقلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ئوبزورچى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزى بېرىپ، «ئىشنىڭ يولى دېگەن ماۋۇ، جۇمۇ» دەپ مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويۇشى كۆزلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇشۇنداق بىر قاتار سوئاللار دۆۋىسى بىلەن ۋاراقلارنى تولدۇرۇپ، ھېچبىرىگە جاۋاپ بەرمەيلا، بىر خىل سىرلىق «بىلىم غەزىنىسى» بىشارىتى بېرىلىدۇ. بۇ غەزىنە ـــ سوئاللارنىڭ جاۋاپلىرى ۋە يەنە نۇرغۇن، نۇرغۇن بىلىملەر يوشۇرۇنغان غەزىنە ـــ بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئوبزورچىمىزنىڭ ئەقلىلىق بېشىدۇر. بۇ بىر خىل «بىلىمگە تولغان غەزىنە» بىشارىتى بىلەن ئادەم ھۇركىتىش ئۇرۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.(بۇ ئوبزورچىمىزنىڭ ئادەتلەنگەن مېتودلىرىدىن بىرى). بۇ ئۇرۇنۇش، «قەدىمقى يۇنان» ئىسمى قىستۇرۇلۇپ، سىرلىقلىق ۋايىغا يەتكۈزۈلۇدۇ. (بۇ دەسلەپكى ماقالىغا ھۆسۇن بەرگەن «پوبلىستىك»تىن كېيىنكى يەنە بىر بىلىم بىشارىتى) يۇنىڭ بىلەن كىمنى كولدۇرلاتماقچى سىز، ھۆرمەتلىك ئۇستاز؟ ئىسمىنى ئاڭلىۋالغان «يۇنان» بىلەن پەش قىلماي، بىلىدىغانلىقىڭىز راست بولسا، تەپسىلاتىدىنمۇ ئازراق ئاڭلاتقان بولسىڭىزدى، ئۇستاز. چۈنكى ھازىر دەل مانا شۇنداق بىر دۆلەتچىلىك نەزىرىيىسى ياكى دۆلەت قۇرۇش نەزىرىيىسىگە ئېھتىياجىمىز بار.

ئەمما بۇ ماڭا ناھايىتى تونۇش بولغان سۆزلۈك ئويۇنى بولۇپ، بىلىملىك كۆرۈنۈشتىكى ئەپچىل يول. ئەگەر شۇ دېگەنلىرىڭىزنى راست بىلىدىغان بولسىڭىز ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنۈمىز ئۈچۈن پايدىسى بار دەپ قارىسىڭىز، نېمىشكە شۇلارنى يازماي، سوئاللار، ئاتالغۇلار بىلەن بەت تولدۇردىڭىز؟ يېزىڭ، شۇ «يۇنان»دا نېمىش بوپتىكەن، خەلق پايدىلانسۇن، قاتاردا مەنمۇ بىلىپ قالاي.

«بىلىملىك كۆرۈنۈش ئۇرۇنۇشى» دېگەن ئاتالغۇم بەزىلەرگە بەك ئادالەتسىزلىكتەك، ئوبزورچىنى قەستەن يەرگە ئۇرۇشتەك بىلىنىشى مۇمكىن. يەنە شۇ پاكىتنىمۇ كۆرسىتەيمەنكى، ئۇنىڭ يېقىنقىدىن بېرىكى جىمى ئوبزورلىرىغا قارايدىغان بولسىڭىز، يالتا، پوتىسدام،... دېگەنلەرنى، قانچىنچى يىلى قانچىنچى ئاينىڭ قانچىسى ختايدىن كىمنىڭ موسكۋاغا، ياكى كىمنىڭ موسكۋادىن ختاي، ۋەياكى ئامېرىكىغا بارغانلىقى، دېگەندەك كېلىشىملەر، سودىلىشىش ئۇچرىشىشلىرى، دىپلوماتىك باردى-كەلدىلەرنىڭ ئېنىق چىسلالىرىنى كۆرۈسىز. «بۇ ئادەم يېقىنقى زامان تارىخىنى سۇدەكلا يادا بىلىدىغان ئادەمكەن ئەمەسمۇ؟!» دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈپ، ھەيران قالدۇرۇش كۆزلەنگەن ھارامزادە ئويۇندىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ناملىق بىرلا كىتاپتىن ئېلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئادەم بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا يادلىۋالغانلىقى مەلۇم ياكى بۇ كىتاپ ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر ئېرەشەلىگەن، ئۆزى ئوقۇيالىغان تىلدىكى سىياسىي كىتاپ بولغاچ، دايىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولغاچقا بىرەر چىسلا لازىم بولسىلا دەرھال بۇنى ۋاراقلايدىغانلىقى بىلىنىدۇ. بۇ ھال بولسا ئىختىيارسىز يوسۇندا يادىمىزغا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «بىر ئېشەكنىڭ زارى»نى كەلتۈرىدۇ. «مېنىڭ ئىگەمدۇر نەشەكەش بەڭگى، باشلىرى

تازدۇر، غىچ قوماق تەڭگى... » دەپ باشلىنىدىغان بۇ داستاندىكى باش قەھرىمان ئېشەكنىڭ زارلىشىچە، بۇ ئۆيدىكى ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەجرى بىلەن بولۇدىكەن، ئۇنىڭسىز ئىش پۈتمەيدىكەن، ھەتتا شۇ ھالدىكەنكى، ئۇ شۇنداق قاخشايدۇ: «ئېتىزنى قىغلايدۇ چىچقان پوقۇمدا، قانداق قىپتىكىن مېنىڭ يوقۇمدا؟» دېمەك، سىدىقھاجىنىڭ قىلىقلىرىدىن قاراپ بىزمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئەگەر «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» يېزىلمىغان بولسا ياكى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولسا، سىدىقھاجى روزى قانداقمۇ قىلاتتىكىنە؟» دەپ ئويلىماي تۇرالمايمىز.

***

ئەمدى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسمى، مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن چىقىرىپ تاشلىنىشىم ھەققىدە توختۇلاي:

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە نېمىشكە ئۇيغۇر ۋەكىللىرى يوق؟ بىرى ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئىككىنچىسى، خىتاينىڭ ۋەھشىي، ئىنساپسىزلىقىدىن، ئەپەندىم. بىزنىڭ جۇمھۇرىيەتلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى،... ھەققىدىكى قۇرلاردىن كېيىن توساتتىنلا، خۇددى «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك \ زاغرا ناندىن گۆش چىققاندەك» ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى «قېرىنداشلىرىم» (سىدىقھاجىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ — كەمىنە غۇلام ئوسماننىڭ) نىڭ ئوتتۇرىغا قىستۇرۇلىشىدىكى مۇددىئاڭىز بەكمۇ تۇتۇق، خۇددى نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ خېتىدەك. شۇنداق بولسىمۇ بۇ پاساھەتلىك قۇرلارنىڭ ئاستىدا ياتقان گۆھەرلەرنى تىرىشىپ قېزىپ، ئازراق چۈشەنگەندەكمۇ قىلدىم. سىز بۇ دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەتتە ۋەكىللىرى يوق دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىنساپسىزلىقتا ئەيىپلىمەكچى، شۇنداق ئەمەسمۇ، تەخسىر؟ «سەن قېرىنداش دەيسەن، قېنى قېرىنداشلىقى؟ قېرىنداش بولسا نېمىشكە بىزگىمۇ ئانچە ـ مۇنچە نەپ بەرمەيدۇ؟...» دېمەكچىغۇ؟ قېيداش! ئەمما نېمە ھەققىڭىز بار؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن دەۋاتىمەن، ھەركىم ئۆز غېمىدە بولىدۇ، «مېنىڭ قېرىنداشلىرىم»مۇ شۇ، سىزنىڭ يېزىنلىرىڭىزمۇ شۇ. ھېچكىم ھېچكىمنى ئازاتمۇ قىلىپ قويمايدۇ، دۆلەت دېگەن «ئىنساپ، ئادىمگەرچىلىك» ئۇقۇملىرى بويىچە ئىش قىلمايدۇ! (بۇ ھەقتە «ھۆكۈمرانلار دەستۇرى»[1] ناملىق كىتاپنى دىققىتىڭىزگە ھاۋالە قىلىمەن) ئەمما ئۆزىڭىز بۇنىڭغا ئىشەنگەچكە، كۈتكىنىڭىز بولمىغاچقا ئۇ قەدەر رەنجىپ، كۆڭلىڭىزنى بۇزۇۋېلىپ بارىسىز. بۈگۈن ئىشەنگەنلىرىڭىزدىنمۇ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىسىز!

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنساپسىزلىقىدىن ئەمەس، دەپ ئۆتكىنىمدەك، بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز، دۈشمىنىمىزنىڭ ياۋۇزلىقىدىن. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەتىنى ئويلىشى كېرەك. بىزنى دەپ، خىتاينىڭ دۈشمەنلىكىنى ئۈستىگە ئارتىۋېلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇلار «لېبى فىڭدىن ئۆگەنمىگەچكە» چوقۇم ئۇنداق قىلالمايدۇ!

سىرلىق مىسرالىرىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن غەۋۋاس بولۇپ سۈزۈپ چىققان مەنىلەردىن بىرى شۇ ئىدى: ئۇلار ئىنساپسىزلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭلا دۆلىتى بىلەن بولدى، ئۆزلىرىلا سوردى، (تەڭ شېرىك قىلماي)، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامى بىلەن ئاتىدى، نېمىشكە بىز ئومۇمىي نام قوللۇنۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» دېيىشىمىز كېرەككەن!؟ دېمەكچى بولغىنىڭىز شۇغۇ؟ سىياسەتنى بىلىپ يېرىۋېتىدىغان

[1] «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» — 15- ئەسىردە ياشىغان سىياسەت نەزىرىيىچىسى نىككولو ماكياۋىللىنىڭ كىتابى. بۇ كىتاپ 500 يىلدىن بېرى دۇنيادىكى 10 مەشھۇر كىتاپنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇستاز.

ئۆلارنىڭ دۆلتى فىدراتسىيە سۈپىتىدىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ، 70 يىللىق مۇستەملىكە دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. يېڭى مىللەت بولۇپ شەكىللەندى. ئەمدى ئۆلارنىڭ ئارقىسىغا يېنىپ، غەربىي تۈركىستان دېيىشى، ياكى تۈركىستان دېيىشى مۇمكىنمىدى، تەخسىر؟ بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭكىسىنىڭ ئوخشاشلىقى نەدە؟ بىز بىرەر قېتىم ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىلىپ باققانمۇ؟ بۇ ھەقتە مەجمۇئەنىڭ بىرىنچى كىتابىدا يېتەرلىك توختالغان ئىدىم، شۇڭا گەپنى ئاۋۇتماي.

ئەمدى ئۇ «ئىنساپسىز» مېنىڭ «قېرىنداشلىرىم»نىڭ كەلگۈسىدە سىز قۇرۇدۇغان دۆلەتتىكى ئورنى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىگەكىم بار، سىز شۇ دۆلەتنى قۇرسىڭىزلا، ئۆلارنىڭ قىلغىنىغا سىزمۇ ئۆلاردىن ھېچبىرىنى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرماڭ! مېنىمۇ كىرگۈزمەڭ، مەن رازى. مانا مۇشۇنداق تەڭشىسىڭىز بولۇدۇ. ئەمما بىزنىڭ تارىختا دۆلەت قۇرغىنىمىز راست ۋە ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. شۇڭا سىز تەخسىرنىڭ ئىسىم قويغىدەك بىر سالاھىيەت قازانماي تۇرۇپ، بۇنداق بىر ئاۋارىچىلىق تارتىشىڭىزغا، خەلق نامىدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بۇ ھەقتىكى ئاغرىنىشلىرىڭىزغا قارىتا يەنە بىر گەپنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي. دەپ ئۆتكىنىمدەك، ۋەكىللىك ئورنى قازىنالماسلىقىمىزنىڭ بىر سەۋەبى ئاجىزلىقىمىز بولغان ئىكەن، بۇ دېمەك «داۋاگەرنىڭ سۇسلۇقى» دېگەن گەپ. ئەمدى سىزنىڭ تەشكىلاتىڭىزدا شۇ دۆلەتلەردىن ۋەكىللەر بار، ئۆلارغا ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە نوپۇس نىسبىتىگە ئۇيغۇن ساندا ۋەكىللىك ئورنى تەلەپ قىلىشنى ئۆگەتمىگەنمىدىڭىز؟ داۋامىزنىڭ سەركەردىسى بولغاندىكىن؟ خىتايدىن ھەق تەلەپ قىلىشقا قارىغاندا ئۇنىسى سەل ئاسانراق بولىشىمۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتىمۇ مەن ئالىلقاچان («ئەينەك»تە) توختالغان ئىدىم، تەخسىر.

سىياسىنى بىلىدىغان سىدىقھاجى روزى «سىياسىنى بىلمەيدىغان»لارنى «بىلىمسىزلىكى» تۈپەيلى ياراتمىغاچقا، ئاشۇ «سىياسىنى بىلمەيدىغانلار» تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ نامىنى تىلغا ئالغۇسى كەلمەي، ئويغورىستان (سىدىقھاجى تەلەپپۇزى بىلەن:Oyghoristan ) دەپ يۇرۇۋېتىكەن ـ دە!؟ «ئۇ دۆلەتنى كىم بىلەتتى، كىم ئېتىراپ قىلغانتى؟...» دەپ تامامەن يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇدۇ.

يىللارچە ئۇرۇش بولغان، يۈزمىڭلارچە ئىنسان ھاياتلىرىنى بەرگەن، بىرمۇنچە دۆلەتلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئارىلىشىپ، شۇ زامان دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە قىزىق نۇقتا ھاسىل قىلىپ مەيدانغا كەلگەن، نۇرغۇن چەتئەللىك تارىخچىلار، جۈملىدىن سىدىقھاجى روزىنىڭ يېزنلىرى بولغان ئامېرىكىلىق تارىخچىلارمۇ مەخسۇس ياكى بەلگىلىك سەھىپىلەردە بايان قىلغان، قىسقىسى تارىختا پۈتۈلگەن ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنى «كىملەر بىلەتتى؟»مىش؛ ئەمما قويمىچىلارنىڭ «سومكا شىركىتى» قۇرغىنىدەك، «ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ» ئاغزىدا قۇرغان ئۇيغۇرىستاننى بىلەرمىشمۇ؟ ئەللامە ئەپەندىم، دۆلەتنى دۆلەتنىڭ زېمىنىگە دەسسەپ تۇرۇپ قۇرۇسىز.

سىزگە شۇنى دېيىشكە مەجبۇرمەنكى، سىدىقھاجى روزى، سىز ئالدى بىلەن بىرەر ئەترەتنىڭ بەش مو سازلىقىنى ئازات قىلىڭ (ياكى ئامېرىكىغا ئازات قىلدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ) ـــ چۈنكى سىز سىياسەتنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ ئىشنى ئەجداتلىرىمىزغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوبدان بېجىرەلەيسىز ـــ ئاندىن شۇ يەردە

بىر دۆلەتنى جاكارلاڭ؛ بۇ ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسى بولغان يېڭى دۆلەتنى خاھلىسىڭىز Oyghoristan دەپ ئاتاڭ، خاھلىسىڭىز «سىدىقهاجى روزىستان» دەپ ئاتاڭ بىز رازى بولىمىز. ھېچ بولمىغاندا مەن رازى بولىمەن. چۈنكى سىز ئۇ چاغدا دۆلەتنى قۇرغۇچى بولغىنىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆككەن(توغرا سىز قان تۆكۈشكە قارشى)، ھېچ بولمىغاندا تەر تۆككەن قۇرغۇچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن، ئىسىم قويۇشقا ھەق قازانغان بولىسىز. ئەمما ھازىر سىزدە تېخى بۇنداق سالاھىيەت يوقكەن، شېھىتلەرنىڭ قانلىرى، جانلىرى بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن دۆلەتنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىدىغان نېمە ھەققىڭىز؟

بۇ ئىسىم مەسىلىسىدە ئىلگىرىكى كىتاپلىرىمدا يېتەرلىك توختالغاچقا، بۇ يەردە مۇشۇنچىلىكلا دەپ تۇراي.

مېنى ئۇيغۇر دېمەيدىغانلىقىڭىزدىن ھەقىقەتەنمۇ بەك سۆيۈندۈم. گەرچە بۇنداق قوغلاپ چىقىرىش جازاسىغا ئۇچرۇشۇمدىكى ھەقىقىي سەۋەپنى بىلمىسەممۇ، بەلكىم بۇ ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن دىلىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن خاتىرىسى ئۆچمىگەن ئاشۇ «شەرقىي تۈركىستان» ئۈچۈن بولسا كېرەك. قانداق قىلاي، سىزدەك ئۆيدە ئولتۇرۇپلا دۆلەت قۇرالمىغاچقا ئەلۋەتتە شۇ ئەجداتلىرىم قالدۇرغان مىراسنى دېمەي چارەم يوق.

ئەمدى نېمشكە ئۇيغۇر تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتكىنىڭىزگە خۇش بولغىنىمغا كەلسەم، سىز دەۋاتقان ئۇيغۇر چوقۇمكى ئۆزىڭىزنى ئۆلچەم قىلاتتى. ئادەملەردىكى خاھىشچانلىق ھامان خالار- خالىماس ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىپ قالۇدۇ، ئەمەسمۇ. سىزنىڭ ئۆلچىمىڭىزدىكى ئۇيغۇر بولۇشنى شەرەپ بىلمەيدىغانلىقىم كۆپچۈلۈككە چۈشۈنۈشلۈك بولۇدۇغۇ دەپ ئىشىنىمەن. چۈنكى ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسى مىللىي خاراكتېرى ساددىلىق ۋە مەرتلىك. مەرتلىك دېگەندە سۆزىدە تۇرىدىغان، ھەق گەپ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان،... دېگەندەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغۇ؟ ئۇ ھالدا سىزنىڭ ئۆمرىڭىز نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگۈچىمۇ ئۆزىڭىزگە خاس دۇنيا قاراش ھاسىل قىلالماي، ھېلى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقارغان ئىدىيەنى ھېلىلا جان تىكىپ قوغدايدىغان، ھېلى مۇناپىق دەپ تىللىغان ئادەمنى بىردەمدىلا دوست بىلىدىغان (خوش-خوش ئېيتىپ قويغانىلا)، بۇنداق ئەقىللىي ئەركەكچىلىككىمۇ توغرا كەلمەيدىغان تۇتامسىزلىق، ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمىي مىللىي خاسلىقىغا يات! مانا شۇنداق بىر ئۇيغۇر تىزىمىدىن مېنى چىقىرىۋېتىپ بەك ياخشى قىپسىز.

****

«ئازات بولۇشقا تەشنا بولغان ئۇيغۇرلار چوقۇم قان تۆكۈش كېرەكمۇ؟ چوقۇم جان بېرىشى كېرەكمۇ؟... تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا بولمامدۇ؟...» شۇنداق ئەپەندىم. چوقۇم جاننى ئالقانغا ئېلىشىمىز كېرەك. تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئاشۇ جان بېرىشلەرنىڭ بىر ئەكس ئېتىشى، سەھنىدىكى ئېپادىسى بولۇپ قوشۇمچە رول ئوينىشى مۇمكىن.

بىزنىڭكىدەك ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى تەرىپى بار. سىزدەك تېنچلىقچى ۋەكىللىرى بار، جان! قان! دەيدىغانلىرىمۇ بار. ئاشۇ جان! قان! دەپ ئۆزىنى پىدا قىلىدىغانلىرى بولغاندىلا گەپنىڭ تورى بولۇدۇ. شىمالىي ئېرلاندىيە، ئىسپانىيەدىكى «بۆلگۈنچى»لەر، تۈركىيەدىكى كۇردلار، سىز مىسال كەلتۈرگەن كوسوۋولۇقلار، ئۇندىن ئىلگىرىكى بوسنىيەلىكلەر،...

ھەممىسىنىڭ ئاشۇنداق قوش لىنىيەلىك داۋاسى بولدى، بولۇۋاتىدۇ.

دالاي لامانىڭ غەلىبە قىلىپ، «... سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرەلمەيدىغان...»قىلغانلىقىنى دەپسىز، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىش شەرت ئەمەسقۇ دەيمەن. بىز خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۇنداق گول بولمايلى. ئەمما شۇنىسىمۇ بار. ئىشىنىمەنكى، دالاي لامانىڭ تىبەت ھەركىتى ھەرگىزمۇ تاق لىنىيەلىك داۋا ئەمەس. ئۇنىڭ خەلقىگە قارىتىلغان خىزمىتىمۇ بار. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش مەخسەتلىك نامايىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىدىن، جەڭگىۋارلىقى ۋە بۇنداق قارام ھەركەتلىرىنىڭمۇ ئىستىخىيىلىك ئەمەس تەشكىللىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

....

داۋاغا 10 يىللىق بىر تارىخ بەخش ئېتىپتىكەنسىز، بۇ مېنى ھەيران قالدۇردى. بەلكىم بۇ ئۆزىڭىزنىڭ تۇنۇگۇنگىچە ئىسا ۋە ئەركىن ئالپتېكىنلەرنى تىللاپ، ئەمدى ئۆزىڭىزمۇ شۇ يولغا چۈشكەنلىكىڭىزدىكى تۇتامسىزلىقنى پەدازلاش ئۈچۈن، گويا بۇ ئۇنىڭ داۋامى ئەمەس، خاراكتېرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، دېمەكچىدۇرسىز. ۋە ئۇنىڭ 10 يىلنى چېگرا قىلىشى سىزنىڭ چەتئەلدە پەيدا بولغان يىللىرىڭىزغا توغرىلانغانلىقىمۇ ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ.

ئىسامۇ مۇختارىياتچى ئىدى، ئالدى بىلەن بىر ئاز سۆزلىگۈدەك، مەتبۇئات ئاچالىغۇدەك ھەق قازانغاندىن كېيىن ئاندىن ئاسان بولۇدىغانلىقىنى دەپ ئۆمرى ئۆتتى. (ئاڭلىماققا ھەقىقەتەن توغرا) بۇ ئىشنى ئۇ 1926 ـ يىلىدىن باشلىغان. بۇ چاغدا دالاينىڭ ئۆزى ئەمەس، دالاينىڭ دادىسىمۇ تۇغۇلمىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭ قانچىلىك ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

سىز (بۇ ئىش) قان تەلەپ قىلىدۇ، قان!» دەپ چوقان سالغاندا ئاساسىي سەۋەپ، ئۆزىڭىز بۇ ئىشنىڭ بېشىدا بولمىغاچقىلاممىدى؟ ئەمدى تۇرۇپلا «بۇ كىشىلەر ئۇ يەردە ئاتىمەن، بۇ يەردە چاپىمەن، ‹قانلىق كۆرەش قىلىمەن› دېمەي، ئۇيغۇرنىڭ مەسىلىسىنى خەلقارا سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقتى...» دېگىنىڭىزدە بۇ توقۇناقلارنىڭ پۇتلىشىپ قېلىشىدىن ئىچىڭىز پۇشمىدىمۇ؟

.....

ئەمدى مېنى «يا ئۆلۈم!» دەپ بىر ئىش قىلالمىدى، دەپ ئەيىپلىگىنىڭىزگە كەلسەم، ئەگەر سىز لىدىر بولۇپ، ئاشۇنداق بىر ئۆلۈمگە يولغا سالالايدىغان («باشلاپ بارالايدىغان» دەي دېسەم سىز قورقۇپ كەتمەڭ، شارائىت يارىتىپ، تەربىيىلەپ، قوراللاندۇرۇپ، ئەۋەتىدىغان) بولسىڭىز مەن بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرمىغاندا گېپىڭىزنى قىلسىڭىز بولۇدۇ. مەن ئىلگىرى، ئاشۇنداق بىر ئۆلۈمگە كېتىۋاتىمىزمىكىن دەپ ئىشىنىپ قالغان چېغىمدا «تاغ تۇرا»غا كەتكىنىمدىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى، ئەجەبا؟ شۇ چاغدىمۇ يېشىم قىرىقتىن ئاشقان، ھەمرالىرىم ئوغۇللىرىم بىلەن تەڭ ئىدى. ئىككىلىنىپ، ئارقا سەپتە قېلىپ كادىر بولاي دېمىگەن ئىدىم.

.....

قان تۆكمەي، جان بەرمەي ۋەتەن بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىرمۇنچە ھېكمەتلىك سۆزلىرى بولغان سىدىقھاجى روزى، بىردەملا ئۆزگۈرۈپ، «قازى»غا ئەرز ئېيتىش، «دوپپا كەيدۈرۈش» ئۇسۇلى بىلەن ۋەتەن

قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان چېغىدا، ماڭا شۇنداق قىيىن سوئاللارنى قويۇدۇ: «ئەسكىرىڭ بارمۇ؟»، «كۈچۈڭ بارمۇ؟»...

مەن ئېيتىپ ئولتۇرمىساممۇ بىلىسىز ھەربىر ۋەتەن ئوغلانى بىر ئەسكەر. ئۆز ۋاقتىدا ئىككى جۇمھۇرىيەتنى قۇرغان (سىياسەتنى بىلمەيدىغانلار) ئاشۇ ئاڭسىز، قالاق، ساۋادسىزمۇ يوق، ھازىرقى زامان دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇھتەمىزدا ئۆسكەن دىھقان باللىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ جەڭچىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئەلىخان تۆرەمنىڭ دىنغا تايانغان ۋەزلىرى ساددا دىھقان باللىرىنىڭ قەلبىگە ئوت يېقىپ، ئۆزىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ئاتىغان ئىدى.

بۇ پەقەت تەشكىللەش، تەربىيىلەشكىكىلا ئېھتىياجلىق، جىسمانىي تەرەپتىن تەييار بىر كۈچ. تەشكىلات ــ سىياسىي غايىسى بولغان تەشكىلات نېمىشكە تەشۋىقاتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەكلىكى، نېمىشكە چەتئەللىكلەرگە دوپپا كەيدۈرۈشنى ئەمەس، ئۆز خەلقىگە قارىتىلغان خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەكلىكى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئىسپاتقا ئېرىشۋاتىدۇ. بىراق بۇ تەس. تەس دەپلا، ئاۋۇ سىلىقىغا يۆگرىسەك، بۇ سەپ ئاق قېلىۋېرىدۇ. بۇ چاغدا خۇددى ئەپەندىمنىڭ ئۆيدە يىقۇتۇپ قويغان ئۆزۈكنى يورۇقتا ئىزدەي دەپ تالادا ئىزدىگىنىدەك ئىش بولۇدۇ.

بەلكىم قېنى مىلتىق؟ قېنى زەمبىرەك؟ دەيدىغانسىز. قارىماققا بۇمۇ قىيىن سوئال. ئەگەر بۇنداق نەرسىلەر بولغان تەقدىردىمۇ يىغىشتۇرغىلى يەر يوق. بۇنى قويۇۋېرىڭ، ئىدىيىسىنى جەڭچى ئىدىيىسى، پىدائى ئىدىيىسى قىلىپ تاييارلاۋېرىڭ. قالغىنى قورال لازىم بولغاندا ئادەم ئاملىدىنىمۇ تەس ئەمەس. بالا ۋاقتىمىزدا ئوقۇيدىغان خىتاينىڭ پارتىزانلار ناخشىسىدىن شۇ مىسرالار يادىمغا يەتتى:

ئاشلىقنى، كىيىمنى ئېلىپ كېلىدۇ دۈشمەن،
مىلتىقنى، زەمبىرەكنى ياساپ بېرىدۇ دۈشمەن.

****

مېنى ھەممىگە ئوخشاش قارشى چىقىدىغان ئەسكى كۆرسۈتۈپ، سېستىمىشقا ئۈرۈنۈپسىز، (ئىلگىرى مەدەت بېرىپ: «تەنقىد توختاپ قالمىسۇن» دېگەن تەلىملىرىڭىزنى ئۇنۇتۇشتىنىمۇ ياكى، سىزدىن باشقىلارغا تەگسە بولىۋېرەمتى؟) ئەمما بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىرەر خالىس ئادەم تېپىپ ئىشقا سالسىڭىز مۇۋەپپىقىيەتلىكراق بولۇدۇ، دەپ ئويلايمەن. بولمىسا ھەربىر توقامنى ماڭا توقۇۋاتقان چېغىڭىزدا يۈزىڭىز قىزارماي قالمايدۇ (چۈنكى سىزنىڭ نېپىز ئادەملىكىڭىزنى بىلىمەن). سىز چەتئەلگە چىقىپ تا «قازان بېشى» ئۆزۈڭىزدىن بولغانغا قەدەر بىرەر تەشكىلاتقا قاتنىشىپ باققان ياكى بىرەرى بىلەن ھەمكارلىشىپ باققىنىڭىز بارمۇ؟ ياكى ئۆزىڭىزدىن باشقا ھەممىنى تىللاپلا كەلگەنمىدىڭىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يالغۇز ئىدىڭىز. خۇددى كىتابىڭىزدا ئېتىراپ قىلىپ: «دۇنياغا كېلىپ شۇ ياشقىچە ياشاپتىمەن. ئويلىسام بىر دوستۇم يوق ئىكەن»[①] دېگىنىڭىزدەك ئەھۋالدا ئىدىڭىز. قاچانلاردا سىز بىر ئومۇمىيەتچى بولۇپ كېتىپ، ماڭا بۇ قەدەر مەسخىرە ھۇجۇملىرىنى قىلىدىغان سالاھىيەت قازاندىڭىز؟ بىلىڭكى، بۈگۈنكى مەرتىۋە ياكى مەۋقەيىڭىز سىدىقھاجى روزى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، «رابىيە قادىرنىڭ ئېرى» بولغانلىقىڭىز

[①] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟»

ئۇچۇن.

ئەمدى ئۆزەمگە كەلسەم، مەن پەقەت ئاپتونومىيىگە (ياكى ئىككى ئايرىلماسلىقا) قارشى. باشقىلىرىغا مەلۇم ئوخشىمىغان پىكرىم بار، نارازى تەرەپلىرىم بار، بۇنى قارشى تۇرغانلىق دېيەلمەيسىز. يەنە بىر جەھەتتىن، مەن چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن تەشكىلاتلارغا قاتناشتىم، بەزىلىرى بىلەن ھەمكارلاشتىم، نارازىلىق پىكرىمنىمۇ دېگەچ تۇردۇم. (پەقەت لېدىرلاردىكى پەزىلەت مەسىلىسى تۆپەيلى نورمال پىكىرلەرنى بارغانسېرى ئەزۋەيلىتىپ، دۈشمەنلىككە ئايلاندۇردى.) خۇددى شۇنداق، يېقىنغىچە سىز بىلەنمۇ بىر سەپتە ئىدۇققۇ؟ سىزلەرنىمۇ قوللىغان ئىدىمغۇ؟ قوللاپ تۇرۇپ پىكىر بەردىم، دوستلۇق نىيىتىدە، ئەمما سىزلەرنىڭ كۆتكىنىڭىز پىكىر ئەمەس، لىن بياۋنىڭ ماۋزېدوڭنى ماختىشىدەك ئۇسلۇپتىكى ماختاش بولغاچقا، خەقنىڭ ھەرقانداق تۈردىكى پىكرىنى دۈشمەنلىك بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۆزىڭىز دۈشمەن يارىتىۋاتىسىز. ماختىغۇچىلارنىڭ ماختاشلىرى ئارقىسىدا نېمە بار نېمە يوق، ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن، قۇلىقىڭىزغا خۇش يېقىپ، ئۇلارنى دوست قىلىۋاتىسىز. سىز بىلەن بىر پىكىردە بولمىسىلا ياكى پەقەت نېمىشكىدۇر سىزگە ياقماي قالغان بولسىلا «خىتاي»، «چاينا» (China) دېگەندەك لەقەملەرنى قويۇپ، ئىنسانلارنى ئۆزىڭىزدىن قاچۇرىۋاتىسىز. لېدىرنىڭ لېدىر بولىشىدىكى ئاساسي ئالاھىدىلىكمۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەردىكى كىشىلەرنى بىر ئارىغا كەلتۈرەلىشى، ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدىغۇ؟ ياكى خاتامۇ؟

ئەمدى ئاپتونۇمىيەگە نېمىشكە بۇنچە قارشى ئىكەنلىكىمنى ئېيتاي: دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر خۇددى ئاغامچا تارتىشماققا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا يوغان بىر قەدەم يول قويۇۋېتىپ بېقىڭ، كېيىن ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلەمسىزكىن؟ «ھازىرچە بۇنى دەپ تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ۋاقتى كەلگەندە، پالان...» بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەپەندىلەر. ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرنىڭ ھامىيلىقىغا مۇھتاجلىقى رېئاللىق، بۇنداق باش ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتى چوقۇم مەلۇم يول قويۇشلارنى تەلەپ قىلىدۇ (چۈنكى، سىزنىڭ خىيالىڭىزدىكىدەك ئۇنداق خالىسلىق بولمايدۇ. ئەگەر يول قويۇش تەلىپى ئاساسي غايىڭىز بولۇدىغان بولسا، يەنە نېمە كويدا پالاقلايسىز؟

سىياسىينى شاھماتقا ئوخشۇتۇش ئومۇمىي. بۇ بويىچە دېسەك، ئويۇندىن پۈتۈن مەخسەت شاھنى قوغداش. شاھ ئامان بولغان مۇددەتچە ئويۇننى داۋام قىلالايسىز. شاھ ئۈچۈن پېچكىلار قۇربان بېرىلىدۇ؛ ئات پىللارمۇ قۇربان بېرىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بەك ئاجىز بولسىڭىز، چارىسىزلىكتە گەردىنىمۇ قۇربان بېرىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما شاھنى قۇربان بەرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شاھمات ئويناۋاتىمەن دەپ ئويلامسىز؟

مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچتۇرىۋالغاندىن كېيىن، قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدا «ئاخىرقى مەخسىدىم» دەپ ساقلىسىڭىزمۇ، بىرى مەۋھۇم قالىدۇ، بىرى ھۆججەتلىشىدۇ.

سىزنىڭ چەتئەللىكلەرگە سۇنۇدىغان ھۆججەتلىرىڭىز، ياكى باشقا يېزىشمىلىرىڭىزنى چاچچاق دەپ قالماڭ. (ئۇنىڭدا تەلەپ بويىچە «شىنجاڭ» دەپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن) ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سېتىش ھۆججىتى رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. ئەگەر بىرسىگە بىر ھۆججەت يېزىپ بېرىڭ، ئۇنىڭغا: «پالانىغا پالان نەرسە سېتىپ، پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم» دەپ يېزىلسۇن، ئەمما تېخى پۇلىنى ئالمىغان بولۇڭ، قارشى

تەرەپ ھۆججەتنى ئېلىۋېلىپلا ئۈششۈقلۈق قىلسا، قازى قانداق بىر تەرەپ قىلار؟ ئالمىدىم دېگەن ئاغزاكى گېپىڭىزنىمۇ؟ ياكى ھۆججەتنىمۇ؟ بۇ مەسىلىدە بۇگۈنكى ئامېرىكىلىقلار (بۇرۇنقى ياۋروپالىق كۆچمەنلەر) بىلەن ھىندىيانلار ئارىسىدا بولغان ھۆججەتلەر ھەققىدىكى ھېكايىلار قۇلىقىڭىزغا يەتكەنمىدى؟ پۇتۇنسۇرۇك نيۇ-يورك شىتاتىنىڭ يېرىدەك يەرلەرنى بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ پۇلىغا سېتىۋەتكەن ئىشلار بولۇپتىكەن. ھىندىيانلار ئۇنى بەلكىم ھېچ جىددىيگە ئالماي، مۇنداقلا بىر ئىش دەپ قىلغاندۇر. ئەمما بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن بۇ يەرلەرنى رازىلىقى بىلەن سېتىۋالغانىنىڭ دەلىلى بولىۋېرىدۇ. بۇ مىسالنى تەتۈر چۈشىنىۋېلىپ يەنە چىچاڭشىپ كەتمەسسىز. بۇ بىر ئوخشىتىش. بىزنىڭ ئۇنداق بولماس، ئاللاھ ساقلار. چۈنكى سىز بار ئەمەسمۇ.

«تۆمۈر خەلىپە قۇرئان كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىپ ئالدىغا كەلگەن تۇڭگانغا قۇرئاننى ھۆرمەت قىلىپ تەسلىم بولغاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى قوشۇپ تەسلىم بولغان ئىدى. سىياسەت بىلەن ئىش كۆرگەن بولسا، ئىش شۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشمىغان بولاتتى. سان- ساناقسىز يوقۇرىقىدەك مىساللارغا تولۇپ- تاشقان ئۇيغۇر تارىخى مەغلۇبىيەت بىلەن غالىبىيەتنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن تارىخ ئىدى. بۈگۈنمۇ شۇنداق سىناقلارغا يەنە دۇچ كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟»[1] بۇ قۇرلىرىڭىز دىققىتىمنى تارتتى. قۇرئان تۇتۇپ كەلگەن تۇڭگان سۇلھىغا ئۇندەپ كەلگەن ئىدى. تۆمۈر خەلىپە كۆرەشنى داۋام قىلغان بولسا غەلىبە قىلاتتى. سۇلھى ئۇنىڭ جېنىغا، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە زامىن بولمىدىمۇ؟ تېنچلىقچىلىق مانا شۇ ھالاكەتكە زامىن بولمىدىمۇ؟

««خىتايلار چىشىغا تېگىپ قويمىسا ئۇيغۇرلار نامايىش قىلمايتى› دېگەنلىك، ‹چىشىغا تېگىپ قويمىسىلا ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى› دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ دەرىجىلىك قانائەتچان مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھاياتىي مەۋجۇدلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توختىماي كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەت ئىدى، دېيىلگەندە، ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدا قەدىر - قىممىتى بولاتتىغۇ، دەيمەن؟»[2] بۇ سەتىرلەرمۇ شۇنچە زوقلىنارلىق. كۆرەش قىلمىغان بىر خەلقنىڭ، ياۋاش - يۇمشاق بىر خەلقنىڭ قەدىر قىممىتى بولمايدىغانلىقى، يۈزى بولمايدىغانلىقى راست. بۇنداق يۇمشاقباش بىر خەلق بىلەن، قول مىجەز بىر خەلق بىلەن كىم كۆزىگە ئىلىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ؟ بۇنىڭغا يەنە ئۇستازىمىز ئەڭ ياخشى جاۋاپنى ئۆزى بېرىدۇ:

«... ئۇيغۇرلار قانۇن ئالدىدا ئىجرا قىلىنغۇچى قۇللاردۇر... بۇنداق قۇللار بىلەن ئەھدىنامە، شەرتنامە تۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ قۇللار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش مۇمكىن بولمىغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ھەتتا، ئۇلارنىڭ ھەددى-ھەركەتلىرى، سۆز- ئىبارىلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.»[3]

دالاي لاما ھەققىدە بېرىلگەن شۇ بايانلارمۇ ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ:

«...خىتاي دائىرىلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ،

[1] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ - 1»

[2] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ - 1»

[3] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ - 1»

ئەمما، دالاي لامانىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشنى ئالدىنقى سىياسىي شەرت قىلغانلىقتىن ھازىرغىچە تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھېچقانداق رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالمىدى.

«دالاي لاما...: مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ: ‹مېنىڭ ئىزدىنىدىغىنىم تىبەتنىڭ ھەقىقىي ھالدا ئۆزىنى- ئۆزى باشقۇرۇشى... بېيجىڭ يەنىلا تىبەتنىڭ ھەربىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تىزگىنلىسە بولۇدۇ›، دېگەن گەپنى قىلدى.

«‹تىبەت تارىختا زادى خىتاي تېرىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا تارىخچىلار بىر نېمە دېسۇن، مەن بۇ چوڭ دۆلەت دائىرىسىگە كىرىپ، خىتايلار بىلەن بىرگە ياشاشقا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويدۇم› دېدى.»[1]

خوش، خىتاينىڭ شەرتى قىلىپ، مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشنى دەپتۇ. مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچتۈرۈۋېلىپلا يەنە بەزەك تۈرۈۋاپتۇ. مانا بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە كۆرۈلگىنى يوق. مانا بۇنداق «ئاچماس»قا كىرىپ قېلىشنى ئويلاپ كۆرۈشۈمىز كېرەكمۇ، قانداق؟

ھازىرچە بۇ قاراش توغرىسىدىمۇ شۇنچىلىك يازاي. مەن داۋاملىق قارشى تۇرۇدىغان قاراش بولغاچقا يەنە كۆپ يېزىشقا پۇرسەتلەر بولىشى تۇرغان گەپ.

باشقا پىكىرلەردە يەنە كېلىشەلىشىمىز مۇمكىن، كىچىك پەرقلەرنى دۈشمەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتمىسەكلا.

ھېلىمۇ شۇنى دەيمەن، «مەن دۈشمىنىڭىز ئەمەس، دوستىڭىز. قەلبىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن، ئەمما ئۇسلۇبىڭىز، ئۇسۇلىڭىز مېنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان قەبىھ. مەنغۇ ھېچنېمىچى ئەمەس، خەق مەندىن قاچسىمۇ چوڭ ئىش بولمايدۇ. ئەمما سىز ئۇنداق بولماڭ. يۈزۈڭىزدىن - يۈزىڭىزگە قىزارماستىن ماختىيالىغانلارنىڭ ئىككى مەخسىدى بولۇدۇ: يا «مائاشلىق ئىنقىلاپچى»لىق ئورنىغا چىقىۋېلىش تامايى؛ يا ئەڭ يوقۇرىغا، تاكى ئىزباسارلىق ئورنىغىچە ئۆرلەپ، ئورۇن بىكار بولۇشىنى كۈتۈش نىيىتى بولۇدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نىيىتى بولسا پەقەت سىزنى دەي - دەيگە سېلىپ ئازدۇرۇش نىيىتىلا بولۇدۇ.»

يەنە تەۋسىيەم (بۇنى ئاللىقاچان «ئەينەك»تە دېگەن بولسامىمۇ)، خەلقنى مەۋھۇم ئۈمىدلەر ياكى تاشقى ئۈمىدلەرگە باغلاشقا ئۇرۇنماي، ئۇلاردا مەنىۋىيەتنى كۈچلەندۈرۈش، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ يېتىلدۈرۈش، قىسقىسى ئۈمىدنىڭ ئىچكىي ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن، خەلققە قارىتىلغان خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا، «دوپپا كەيدۈرۈش» پائالىيىتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويايلى. مانا شۇنداق قىلساق، تاشقى شەرتلەر ئۆزگۈرۈپ كەتكەندىمۇ، خەلقنىڭ ئۈمىدى بىر خىل تۇرۇدۇ.

كۆپ بىلىدىغان بولسىڭىزمۇ، ئەسلەتمە بولسۇن دەپ دەيمەن: «مېنى كۆككە كۆتەرمىدىڭ»، «مېنى ئۇلۇغلىمىدىڭ»، «ماڭا پىكىر بەردىڭ»... دەپ ئۇششاق - چۈشەك، كەپپارە - كېپەك ئادەملەر بىلەن تېلىپۇنلۇشۇپ، تىللاپ يۈرۈش، ھەتتا بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سېلىش، ۋە ھەتتا قۇلاق سالىدىغان ئادىتى بارلىقىنى كىشىلەرگە چاندۇرۇشمۇ لىدىرغا ئابروي ئېلىپ كەلمەيدۇ. نوپۇزنىڭ سۇنىشىغا سەۋەپ بولۇدۇ. لىدىر دېگەننىڭ ۋاقتى بەك قىس بولۇدۇ؛ ئۇنداق ئىشلارغا پەقەتلا ۋاقتى چىقماسلىقى كېرەك. دېموكراتىيەنى تەرغىپ قىلىۋاتقاندىكىن غەرپنىڭ لىدىرلىرىغا ئانچە - مۇنچە نەزەر سالساقلا، ئۇلارنىڭ

[1] سىدىقھاجى روزى: «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟ - 1»

تېلېۋىزورلاردا ھەجۋى قىلىنىدىغانلىقى، شەخسىي ھاياتى ھەققىدە ئەپلىرى تاتىلىنىپ چىقىرىلىدىغانلىقى ....نى كۆرۈمىز. ئۇلار ھەربىرىگە تېلېپۇن قىلىپ، ياكى جاۋاپ بېرىپ ئولتۇرمايدۇغۇ؟

يەنە، مېنىڭكىدەك پىكىر يازغانلار ھەققىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بۇ پىكىرلەر ئىچىدىن بىرەر پايدىلىق پىكىر تاپالىسىڭىز، ئۇلۇغلۇق شەنىڭىزگە ئېغىر كەلمىسىلا پايدىلىنىڭ؛ سەلبىي نەرسە تاپالىسىڭىزمۇ سەلبىي ئۆزنەك قىلىپ پايدىلىنىڭ. ئەگەر مېنىڭ يازغانلىرىمغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەر پىكىر تاپالماي، قۇرۇق تىللاش دەپ قارىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا تېخىمۇ تېخىمۇ پىسەنت قىلمىسىڭىز لېدىر سالاپىتىڭىز ئاشىدۇ. ئەسلەتمەمنى توغرا چۈشەنگەيسىز.

يازمىلىرىڭىزنىڭ بۈيۈك پايدىسىنى كۆردۈم. بۇ سەممىمىي سۆزۈم. ئۆزەمگە كۆپ سوئال قويدۇم. «ئەجەبا ئۇ قەدەر زىيانلىق كىتاپلارنى يېزىپ ئۆمۈر زايا قىلغاندىمەنمۇ؟ ئۇنىڭدا پايدىلىق ھېچنېمە يوقمىدۇ؟» دەپ چەتئەلدە نەشىر قىلىنغان بەش پارچە كىتابىمنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. يېقىندا باسمىغا بېرىمەن دەپ تۈزگان يېڭى كىتابىمنى قايتا كۆزدىن كەچۈردۈم. ئاخىرقى كىتابىمدا تەلەپپۇز ئېتىبارى بىلەن سىزنىڭ ئورنىڭىزنى بېسىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ يەتتىم. بۇ جەھەتتىكى تەنقىدلەر ئەلۋەتتە ھەق. باسمىغا بېرىش ئالدىدا تۈزگان كىتابىمنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا سىلىقلاشقا، مۇمكىن قەدەر شەخسلەرگە چېقىلماسلىققا تىرىشتىم. ئەمدى ئوتتۇرىغا قويغان بىلجىرلاشلىرىمغا ئىگە چىقىۋاتقاچقا، گەپنى دېدىم دەپلا دەۋرەمەسلىك ھەققىدە، تېخىمۇ دىققەتلىك بولۇش، تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇش ھەققىدە تەربىيە ئالدىم ۋە ئاگاھلاندىم. بۇ جەھەتتىكى رولى نۇقتىسىدىن سىزگە قانچە رەھمەت ئېيتساممۇ ئاز.

ئەمما قاراشلىرىمدا پىرىنسىپال قېيىش بولمىدى. پەقەت ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلۇمنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىمەن.

بۇ ئۇزۇن چۇۋالچاق يازمىنى يېزىشتا «تەڭ زەمبىل» قىلىۋېلىش نىيىتىدىن خالىي بولالمىدىم، ھەرھالدا تەڭ بولغاندۇر. ئاشۇرىۋەتكەن بولسام — ئۆگەنگەن خۇي — ئىختىيارسىز كېتىپ قالغان بولسا ئۆزۈر تىلەيمەن. سىز دېگەن ئادەتتىكى ئادەم بولمىغاندىكىن، لېدىرلىرىمىزدىن بىرى بولغاندىكىن، مەندەك بىر ئادەتتىكى سولتەك يازغۇچى بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. يەتتە قېتىم ئاتقان زەمبىرىكىڭىزگە قارشى تاۋىمغا چۈشلۇق بىر تال مىناميوت ئاتتىم. شۇڭا غالىپلىق كەڭ قوساقلىقىڭىز بىلەن توختاپ قالغايسىز. ۋاقتىڭىز قىس، يېزىق شىرەسى ئالدىدا مۈكچۈيۈپ ئولتۇرۇپ ماتىيال تەييارلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا كەلگۈسىدە قاراشلىرىمىز ئۈستىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلاردا ئىلمىي تىل بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلساق بولىدۇ.

كەچۈرمىڭىزگە سېغىنىپ، شاگىرتىڭىز.

ئۇستازىمىز سىدىقھاجى روزىمۇ، باشقا ئوقۇغانلارغىمۇ رەھمەت.